مەتسەئىدى مەتقاسىم

# ئۇيغۇر روھى
# مەھمۇد كاشغەرىي



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇبادا ئاسماندىكى بىرەر يۇلتۇزغا ئىسىم قويۇشقا توغرا كەلسە، مەن ئۇنىڭغا « مەھمۇد كاشغەرىي » دېگەن مۇبارەك نامنى قويغان بولاتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ مۆھتەرەم زاتنى « ئۇيغۇر روھى » دەپ سۈپەتلىدىم.


— ئاپتوردىن



مەتسەئىدى مەتقاسىم

# ئۇيغۇر روھى

# مەھمۇد كاشغەري



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

这部长诗描述了维吾尔著名学者、语言家、《突厥语大词典》的作者麻赫默德·喀什噶里的一生，歌颂了他终生求知精神、爱国精神及提倡和谐美德的高尚品质。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتسېلىم مۇھەممەتقاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

# ئۇيغۇر روھى ــ مەھمۇد كاشغەرىي

(داستان)

ئاپتورى: مەتسەئىدى مەتقاسىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1/32، باسما تاۋىقى: 5.25
2012 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2592 — 9

باھاسى: 25.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

# نەشرىياتتىن

مەتسەئىدى مەتقاسىم 1968 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېرىيە ناھىيە كۆكيار يېزىسىنىڭ ئەگلە كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1984 - يىلى 9 - ئايدىن 1989 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان. 1989 - يىلى 9 - ئايدىن 2005 - يىلى 4 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 2005 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

مەتسەئىدى مەتقاسىم 1984 - يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ھاسا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت -

ژۇرناللاردا ئۇنىڭ 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە «تارىمغا چېچىلغان خىياللار»، «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» قاتارلىق 17 پارچە شېئىرى خەنزۇ، ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان؛ «مەن قۇم دېڭىزى بالىسى» ناملىق شېئىرى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئويغاق ئەۋلاد» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن؛ 2004 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر دارۋاز - لىق سەنئىتى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. ئۇ ئىشلىگەن «كېرىيە خەلق ناخشىلىرى» (تۆت قىسىم) VCD پىلاستىنكىسى جۇڭگو مىللەتلەر ئۈن - سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئۇنىڭ تۆت پارچە ئاخبارات ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 2007 - يىلى «كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى»نى قوغداش تۈرىنى مەخسۇس ئىشلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى تۈركۈم - دىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى، دۆلەتنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت

مىراسى قامۇسىغا كىرگۈزگەن.

مەتسەئىدى مەتقاسىم شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1

چۆچەكنىڭ سېھرى ........................ 6

خان ئەۋلادى ........................ 15

نورۇز سەيلىسى ........................ 25

ئاھ ياشلىق ........................ 30

تەگرىتاغدا كارۋان ........................ 43

دەشتى قىپچاق دالاسى ........................ 66

خەير - خوش، ئېدىل دەرياسى ........................ 72

قانلىق كۆز ياش ........................ 78

ھايات يولى ـ ئىلىمنىڭ يولى ........................ 84

باغدادتا پۈتۈلگەن شاھانە «دىۋان» .......... 93

ئاھ ۋەتەن ........................ 101

مىڭ يىلدىن كېيىن ........................ 109

«دىۋان» ھېكمىتى ........................ 116
مەھمۇد بوۋامنىڭ خىتابى .................. 125
ئۆزۈمگە سوراق ........................... 136
خاتىمە .................................... 142
ئىزاھاتلار ................................ 146

# مۇقەددىمە

يۇرتۇمنىڭ گۈل تاجى قەدىم كاشغەر،
ئۇ شۇنچە خىسلەتلىك تارىخىي شەھەر.
باغرىدا شىر سۈپەت ئوغلانلار ياتۇر،
شۆھرىتى پەلەككە يەتكەن شۇ قەدەر.

دۇنياۋى ئالىمدۇر مەھمۇد كاشغەرىي،
ئۇ ئىلىم كۆكىنىڭ نۇرلۇق ئەخترى.
مەن ئۇنى سېغىندىم گۈلخاندەك يېنىپ،
پەرلەندى قەشقەرگە ئىلھام كەپترى.

ئول مەھمۇد كاشغەرىي — ئۇيغۇر يۇلتۇزى،
جىمىكى يۇلتۇزنىڭ سەرخىلى، ئۇزى.
قۇياشمۇ ھۆرمەتتە باقىدۇ ئاگا،
ئۇ ئۇيغۇر روھىنىڭ يىلتىزى - كۆزى.

ئالدىمدا بىر ھەيكەل ئۇيغاق رەۋىشتە،
ئۇ گويا قەد كەرگەن چەكسىز ئەرشتە.
ھەيكەلدە تۆنەيدۇ كىچىسى ھەتتا،
مەھمۇدنى ئۇلۇغلاپ ئاي ۋە پەرىشتە.

ئۇپالنىڭ تۇپرىقى شۇنچە مۇقەددەس،
تاغلارمۇ ھۆرمەتتە ئەيلىگەن ھەۋەس.
مەھمۇدنىڭ قەبرىسى سۈرلۈك تاۋاپگاھ،
ئاھ، يۈرەك يىرتىلىپ، قىينالدى نەپەس.

ھاياجان ئىلكىدە ئوتلاندى قېنىم،
تەمبۇرنىڭ تارىدەك تىترىدى تېنىم.
نىگاھتا زاھىرەن ئۇنىڭ سىماسى،
«بوۋا» دەپ تونۇلدىم، ئاقتى كۆز يېشىم.

ئەزەلدىن ساماغا تېۋىنەر رايىم،
يۇلتۇزلار قەشقەرگە ئەيلىدى تەزىم.
«تۈركىي تىل دىۋانى» ـــ شەرق گۆھىرى،
ئۇ بولغاچ بېشىم تىك، ئېگىزدۇر تاجىم.

ئول مەھمۇد بىر ئۆمۈر چېكىپ رىيازەت،
ئەجدادىم تىلىدىن بەردى بېشارەت.
«دىۋان» نى ۋاراقلاپ كۈلدى كەڭ دۇنيا،
قۇر ئارا چاقنىدى نۇرلۇق قىياپەت.

«دىۋان» دا ئايانىدۇر مېنىڭ كىملىكىم،
«دىۋان» دا بايانىدۇر ئانا زەر تىلىم.
«دىۋان» ئۇ جاھاندا بىباھا قامۇس،
«دىۋان» دىن تېپىلار ئۆتمۈش، يىلتىزىم.

ئۇ چالدى قاراخان دەۋرىدىن گۇدۇك،
شۇ گۇدۇك تۈيغۇمدا ياگرىدى سۆزۈك.
مەن ئۇنى تىلشۇناس بىلگەندىن كۆرە،
تەگداشسىز بىر ئالىم دېگىنىم تۈزۈك.

مەھمۇدنى ئەسلىتەر تارىمدا كارۋان،
ئۇ باسقان ئىزلاردىن بالقىيدۇ ئارمان.
يولغۇندەك چېچەكلەپ ياشنىغان روھى،
قەلبىمنى يورۇتۇپ پاكلايدۇ ھامان.

ئەجدادىم ئىزىدىن باشلانغان يولۇم،
ئەجدادنى ياد ئېتىش ئەۋلادقا ئۇدۇم.
گەر توزان توزۇتۇپ ئۆتسىمۇ مىڭ يىل،
يەنىلا مەھمۇدقا ئوخشايدۇ خۇيۇم.

شۇڭقارغا ئايلاندى روھىم پەرلىنىپ،
تومۇردا قان ئەمەس، ماگمىلار ئېقىپ.
تىرىلدىم ئوپالدا مىڭ يىل مۇقەددەم،
مەن نورۇز بۇلاقىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ.

ئالىمغا ئەگىشىپ باقتىم مىڭ زامان،
ھەر ماگدام ئىزىدا گۈل - چېچەك ئايان.
شەۋكىتى - شانىغا دۇرلارنى تۆكۈپ،
ئىخلاسىم قەلەمدە، يازدىم بىر داستان.



# چۆچەكىنىڭ سېھرى

بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم، ئەۋەل،
كاشغەردە قەد كەردى ئۇيۇشقاق بىر ئەل.
گۈللەندى مەرىپەت، ھۈنەر ۋە سەنئەت،
دۇنيامۇ ھەيرەتتە قالدى بىر مەھەل.

قىزىدى ھېيتگاھنىڭ رەستە - سەيناسى،
ئۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ سۇبات ئەدناسى.
ئەل - ئاۋام ئېچىلدى گۈلدەك پورەكلەپ،
قۇد چاچتى ئۆركەشلەپ تۇمەن دەرياسى.

نەۋباھار قاپلىدى خاقانىيە[1] نى،
ئالتاي، تەڭرىتاغ، تۇران ھەممىنى.
بۈركۈتلەر پەرلىنىپ ئۇچتى ساماغا،
چوققىدىن - چوققىغا سېلىپ گىرەنى.

رەڭگارەڭ تەبىئەت توزدەك ياسىنىپ،
تىمسالى جەننەتكە كەتتى ئايلىنىپ.
قەدىمي كاشغەرنىڭ ئوپال كەنتىدىن،
«ئىڭگە»نىڭ ساداسى كەلدى ئاڭلىنىپ.

ئالەمچە شادلىققا چۆمدى ھۆسەيىن[2]،
رابىيە تارىم[3]نىڭ دىلى خۇش، ئەمىن.
بوۋاقنىڭ كۆزلىرى شۇنچە شوخ، ئويناق،
ئىپارنىڭ ھىدىنى چاچتى گۈل زېمىن.

خىسلەتلىك بىر ئوغلان بولدى تەۋەللۇت،
تىلىدى خالايىق ئاڭا بەخت ـ قۇت.
قىرىق كۈن ئۆتكەندە ھېيتگاھ ئىمامى،
چاقىردى ئىسمىنى بولسۇن دەپ مەھمۇد.

ئۆكە تەگىت[4] قۇتلۇقلاش ئۇدۇم، ئەنئەنە،
خان ئوردا شادلىنىپ قىلدى تەنتەنە.
ئىسرىقنىڭ دۇتلىرى ئۇچتى بۇلۇتتەك،
«يامان كۆز» يىراققا كەتمەكتە ئەنە.

نەقەدەر يېقىملىق «ئەللەي ناخشىسى»،
ئۇ دېگەن ناخشىنىڭ سەرخىل، ياخشىسى.
شاھ بۆشۈك تەۋرىنەر قولۋاقتەك گويا،
بوۋاققا خوپ كەلمەس ئۇندىن باشقىسى.

ئاجايىپ كېلىشكەن بۇ پاقلان بوۋاق،
بەئەينى قوزىچاق، شۇنچىلىك ئوماق.
زۇۋانى «ئوغۇز» دەپ چىقتى شۇنچە تېز،
تايتاڭلاپ مېڭىشى خۇددى بوتىلاق.

ئاشۇنداق رەۋىشتە ئۆتتى ئاي ـ كۈنلەر،
شوخ، چۈچۈك تىلىدىن تۆكۈلدى گۈللەر.
كۆڭۈلنى مەست قىلدى ۋىلىقلاپ كۈلۈپ،
تىكىلدى ھەۋەستە مىڭلىغان كۆزلەر.

* * *

تىلسىمات دۇنياسى قەدىم ماكانىم،
سېھىرلىك چۆچەككە ئوخشايدۇ تارىم.
روھ يىلتىزىم بار خارابىلەردە،
قىسسەمنى سۆزلەيدۇ بۈيۈك ئەجدادىم.

قۇرۇغان توغراقلار سوراق بەلگىسى،
ئاڭلىنار قۇملۇقتىن روھلار شەپىسى.
سېپىللار، تۇرالار، كارۋان ئىزلىرى،
قورغانلار، ساتىملار...... چۆچەك ھەممىسى.

بوۋاي ھەم مومايلار چۆچەك قامۇسى،
چۆچەكسىز چوڭ بولماس ئۇيغۇر بالىسى.
كىلاسسىك چۆچەككە ئوخشايدۇ گويا،
جىمىكى ئۇيغۇرنىڭ بۈيۈك ئانىسى.

رابىيە تارىمى ھەم ئىمىكئانا،
ئىپتماقتا چۆچەكنى توختىماي مانا.
«ئاسماندا ھەر ئىنسان زۇۋۇلسى بار،
تەقدىرى، ئامىتى پۈتۈلگەن، قارا......»

ئول مەھمۇد خىيالەن كەزدى سامانى،
رومانتىك روھىغا تاپتى داۋانى.
چۆچەكتىن ئۆگەندى ئەخلاق - پەزىلەت،
باتۇرلۇق، ئار - نومۇس، شەرم - ھايانى.

ئۇ دېدى: «چۆچەككە مەن قانداق قاناي؟
تۇرسا ئۇ دېڭىزدەك بىپايان ئايهاي.
مەن كىتىپ چۆچەكنىڭ جاڭگاللىرىغا،
يالماۋۇز، جىن بىلەن چېلىشىپ ئويناي.»

دېدى ئانا: «ئەقلىڭدىن تازا ئايلىناي،
چۆچەكنى يامغۇردەك تۆكەي توختىماي.
ئىنسانىنىڭ روھى باي بولمىسا ئەگەر،
ئالتۇنغا تولسىمۇ بەربىر گاداي.»

ئول مەھمۇد تۇرماقتا پامىرغا قاراپ.
خىيالى چوققىدىن - چوققىغا تاراپ.
بۇ دۇنيا چۆچەككە ئايلانغان تامام،
تەسەۋۋۇر دولقۇنى گويا بىر كاراپ.

يۇلتۇزلار ئاسماندا نېمانچە تولا،
مەن چىقاي ئاسمانغا قويۇپ بەر شوتا.
ئەي ئىگەم، پۇررىدە ئۇچقان قۇشلاردەك،
ماڭىمۇ قاناتنى بەرسەڭ نېم بولا!؟

نەقەدەر چىرايلىق ئاسماندىكى ئاي،
كىم ئۇنىڭ يۈزىگە چاچقان قارا لاي؟
مەن مىنىپ ئۇينايمەن ئاشۇ قۇياشنى،
ئۇ مېنىڭ ئاستىمدا گويا ياۋاش تاي.

«ئىسمەتۇل قىرىيە»[6] دۇر ئازىق ھەم ئۇپال،
مەن سوراي سېنىڭدىن شۇنداق بىر سوئال:
سۈزۈك سۇ يوق تۇرۇپ تاقىر سېيىڭدا،
نېمىشقا چاقنايدۇ ئىسسىقتا ۋال - ۋال؟

بېلىجان بولغۇم بار دەريادا ئانا،
مەن ئۇچاي بۈركۈتتەك قانات بەر ماڭا.
شىرچاقتەك ھۆركىرەپ يۈرگۈم كېلىدۇ،
توغرۇل قۇش بولغۇم بار جاڭگاللار ئارا.

نېمشقا ئاي پېتىپ، قۇياش كېلىدۇ،
بوز يەردىن ئېگىز تاغ ئۈنۈپ چىقىدۇ؟
بۇلۇتتىن توكۇلسە ئاپپاق چاچقۇلار،
بۇ يۇرتۇم نېمشقا خەسە كىيىدۇ؟

شۇ «ئۇچار گىلەم»دە ئاسمان بويلايمەن،
«مىڭكۇ باتۇر» [6] ۇم بىلەن ئوينايمەن.
چاقىرىپ كەلمەڭلار مېنى دالىدىن،
بىر«ياغاچ قۇلاق»تەك ئويناپ تويمايمەن.

مەھمۇدنى سىھىرلەپ چۆچەك دۇنياسى،
روھىدا ئۇرغۇتتى تىلسىم جۇلاسى.
كائىنات بارغانچە كەتتى زورىيىپ،
بىلىندى زەررىدەك ئوپال تۇراسى.

چۆچەكنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغان ئوغلان،
ئۆسىدۇ ئاشۇنداق زىرەك، پاسىبان.
ئۇيغۇرنىڭ چۆچىكى گويا بىر ئۇستاز،
ھەر ئۇيغۇر چۆچەكتىن پاساھەت تاپقان.

## خان ئەۋلادى

ئاجايىپ پاك نەسىل، يۇقىرى نەسەب،
خانلىق جەمەتتىن چىققان ئۇ كۆكلەپ.
بىراق، ئۇ ياشىغان خاننى دورىماي،
تەختنى بىلمىگەن ئۇلۇغ شان - شەرەپ.

ئۇيغۇردۇر مەھمۇدنىڭ نەسەب - ئەجدادى،
شۆھرەتلىك سۇتۇق[7]نىڭ پۇشتى - ئەۋلادى.
شاھزادە بولسىمۇ ئاتاق - ئۇنۋانى،
نام - ئەمەل، ھوقۇققا كۆيمىگەن زادى.

ئۇ ئۇچسا تۇلپاردا تاغلار تىترىدى،
يولۋاسنى ئوۋلىسا زېمىن تەۋرىدى.
بولغاچ ئۇ شىر كەبى شۇنچە كۈچتۈڭگۈر،
بۆلۈتقا مۇشت ئاتسا قۇياش لەيلىدى.

ئۇ تېخى كىرمەستە ئون ئىككى ياشقا،
ساداقتىن يامغۇردەك ئوق ئۈزدى تاشقا.
شاش تۇلپار ئۈستىدە ئوينىتىپ قىلىچ،
ئوخشىدى گوياكى كىچىك سۇباش[8]قا.

چوڭ خانلىق جەمەتىنىڭ چۇشۇپ نەزىرى،
مەھمۇدنى «چەۋانداز» بىلدى ھەر بىرى.
نىشانلاپ كەلگۈسى شاھلىق تەختىگە،
ئاھ، ئۇنى ئوپالدىن قىلمىدى نېرى.

مۇھەممەد[9] ئېيتتىلەر: «يارايسەن نەۋرەم،
سەن مېنىڭ مادارىم، قانىتىم، ئەركەم.
ئەي تېگىن[10] بولسەن تەخت ۋارىسى،
قۇياشتەك پارلاقتۇر كەلگۈسى ئەتەم.»

قاراخان زېمىنى ياشناپ بىر مەھەل،
بەختىنىڭ پەيزىگە چۆمدى جىمى ئەل.
گۈللەندى مەرىپەت، ھۈنەر ۋە كەسىپ،
ئۇلۇغ بىر گۈللىنىش بولدى گويا سەل.

كاشغەرنىڭ تۇپرىقى ھېكمەت ئۇچقى،
جىلۋىدار لىباستا ئىلىم يورۇقى.
كېلىدۇ سابادا لەرزان پىرىلداپ،
قەدىمىي بىر روھنىڭ سېما، پۇرىقى.

ئەجدادلار ئۇدۇمى روھتا چېچەكلەپ،
ئاۋۇدى مېۋىسى شوخلاپ، خەمەكلەپ.
«ساچىيە مەدرىسى» مەھمۇد يولىغا،
قىزىلگۈل بەرگىنى تۆكتى ئېتەكلەپ.

پىر-ئۇستاز ئېيتتىلەر: «مەرھابا ئوغلان،
بىلىكنىڭ ئوتىدا كۆيگىن ۋە چوغلان.
بۇ چەكلىك ھاياتتا ياشىغىن چەكسىز،
ئۆگۈت ئال، ئۇ بىرلە مەڭگۇ ئۇلۇغلان.

بىلىك ئۇ ئىنساننىڭ بايلىق - زىننىتى،
بىلىكتە ئاشىدۇ ئىنسان قىممىتى.
توزغاقتەك توزۇغان پادىشاھلارنىڭ،
بىلىكلىك ئىنسانچە بولماس نىيمىتى.

بولساڭمۇ سەن مەرگەن، ئۇستا چەۋەنداز،
بىلىمىڭ بولمىسا سەن قاناتسىز غاز.
نادانلار دۇنيادا شۇنچە بىچارە،
ئاقىلنىڭ يولى كەڭ، بىراق پۇلى ئاز.

مۇشتى چوڭ يېگىدۇ ئاران بىرىنى،
بىلىملىك يېگىدۇ ھەتتا مىڭىنى.
گەر ئۆلسە بىر ئالىم يىغلايدۇ دۇنيا،
ھەتتاكى قۇشلارمۇ قىلار دېگىنى.

بەزىلەر ساق تۇرۇپ دىلدا ئۆلىدۇ،
ئۇ ئۆلسە ھۆپۈپمۇ شوخلاپ كۈلىدۇ.
بەزىلەر ياشايدۇ قۇياش بىلەن تەڭ،
ئۇ ياتقان مازارنى شۇڭقار سۆيىدۇ.

بولسا گەر ئىنساندا مېھىر-مۇھەببەت،
بىلىمگە يانداشسا ئەخلاق-پەزىلەت.
ئارماننىڭ چۆلىگە تۆكسە يېشىل قان،
تۆھپىسى، شەرىپى ئۆلمەيدۇ ئەبەد.»

ئۇستازنىڭ ئۆگۈتى ئەيلەندى قوبۇل،
ساچىيە بېغىدا سايرىدى بۇلبۇل.
ئىلىمنىڭ تىلسىمات دۇنياسى ئارا،
ئول مەھمۇد گوياكى چاپچىغان دۇلدۇل.

چۈش كەبى يىراقتا قالدى بالىلىق،
ھەر قىلغان شوخلۇقتا نۇقسان، چالىلىق.
ئاھ، ئۇنىڭ پاك قەلبى ئاسماندەك سۈزۈك،
ئەخلاقى - پەزلىدە يوقتۇر ئالىلىق.

يۇلتۇزلار كۆز قىستى ئاڭا ھەۋەستە،
گۈللەرمۇ ئېچىلىپ كۈلدى بەس - بەستە.
كىتابنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇدى مەھمۇد،
ئۆزىنى ئۇنتۇدى ھەربىر نەپەستە.

ئاقتى بوز قۇملۇققا كەۋسەر دولقۇنلاپ،
ئەقلىنىڭ چىرىغى كۆيدى يالقۇنلاپ.
تاڭ كەبى سۈزۈلگەن يورۇق دىلىدا،
زەررىچە كۆرۈنمەس شەيتان ئالۋۇنلاپ.

ھۆسەيىن كېچىلەپ سۈردى كەڭ خىيال:
«ئوغلۇمدا ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر ھال.
قىلىچنىڭ ئورنىغا ئاپتۇ كىتابنى،
رايىغا باقماقتىن ئۆزگە نە ئامال؟

ئوينىسا بولمامدۇ يايراپ ۋە كۈلۈپ؟
خانلىقنىڭ پەيزىنى شاھلاردەك سۈرۈپ.
كېچىپ ئۇ ئەمەلدىن، ھەتتا تەختتىن،
يۈرۈپتۇ ئىلىمنى ئەتىۋار كۆرۈپ.»

تەگتۇشلار دېيىشتى: «ئەي مەھمۇد ئاداش،
بىلمدۇق سەندىكى بۇ قانداق ياشاش؟
جاھاندا تېپىلماس سەن كەبى ئەخمەق،
ھەر كۈنى كىتابنى قىلامسەن باغاش؟

زەر لىباس تونۇگغا ئورىنىپ پۈزۈر،
سۈرمەمسەن ئوردىدا ھالاۋەت - ھۇزۇر؟»
ئول مەھمۇد ئېيتتىلەر: «ئەي يارەنلىرىم،
بىلمسىز ياشىسا توزۇيدۇ ئۇيغۇر.

مەن خانىنىڭ ئەۋلادى، كىتابخۇمارى،
قىلىچىم ئورنىدا بىلىك تۇمارى.
ياشايمەن كەلگۈسى ئەسىر - ئەسىرلەپ،
قاراخان دەۋرىنىڭ بولۇپ مۇنارى.

بىلىك دەپ تارتىمەن جەبىر ـ جاپانى،
بىلىكتە ساپلايمەن دىلنى، سابانى.
بىلىك ئۇ ئىنسانغا گويا بىر يىلىك،
ئۆگەنسەڭ تۈگىمەس، يوقتۇر پايانى.

مال ـ دۇنيا مەن ئۈچۈن ئاڭا بەرىبىر،
ئۇ گويا ئىنساننىڭ قولىدىكى كىر.
ئاھ، ئاشۇ سۇلتانلىق تەختىدىن كۆرە،
ئۇستازنىڭ ھۇزۇرى گويا تاغ ـ تېغىر.

ئەي يارەن، سۆزۈمگە بولمىغىن ھەيران،
بەزىدە خانلارمۇ گادايدەك سەرسان.
قىلىچتىن ياماندۇر بىلىكلىك كىشى،
بىلىكلىك قۇت تاپار، نادانلار ۋەيران.»

«يارايسەن ئەي ئوغلان» دېدى پىر ـ ئۇستاز،
ئول مەھمۇد ئېيتتىلەر: «بىلىمىم بەك ئاز.
ياشلىق ئۇ ئۆمۈرنىڭ ئالتۇندەك پەسلى،
مەنىسىز ياشلىقتىن ئەۋزەل خام پىياز.»

مەھمۇدتەك ئىلىمگە كۆيگەن نەدە بار؟
ئۇ تۇتقان ئىلىمنى مەڭگۈ ئاشىق ـ يار.
ئىلىم ئۇ تەقدىرگە قونغان زور بەخت،
ئۇنىڭسىز بۇ ئالەم مەڭگۈ كىچىك ـ تار.

ئىشتىياق ئىنسانىنى قىلاركەن «جاھىل»،
مەھمۇدقا ئەل ـ ئاۋام بولۇشتى قايىل.
ئىلىمنىڭ قۇياشى بالقىپ يۈرەكتە،
پارلاندى نىگاھتا جىلۋىدار ساھىل.

## نورۇز سەيلىسى

يېشىل رەڭ يېپىلدى قەدىم تۇپراققا،
تويۇندى تاغ - دالا خۇشبۇي پۇراققا.
ھەر يۇرتتىن گوياكى كەلكۈندەك دەۋرەپ،
ئەل - ئاۋام جەملەندى «نورۇز بۇلاق»قا.

ھەممە ياق چۆمۈلدى نورۇز پەيزىگە،
تەبىئەت ئويغىنىپ كەلدى لەرزىگە.
تارتىلدى ئەل ئارا نورۇزنىڭ ئېشى،
كۆلكە ھەم چاقچاقلار چىقتى ئەۋجىگە.

ئۇستازلار بىر چەتتە قۇردى ھەمسۆھبەت،
چېچەكتەك تۆكۈلدى دىللاردىن ھۆرمەت.
ياش مەھمۇد كاشغەريي ئۇستاز قاتارى،
ئەنجۇمەن تەھسىلگە بولدى چىن ئۈلپەت.

ئۇ ئۇستاز شەنىگە توقۇدى قوشاق،
بۇ قوشاق بەئەينى ئوقچۇغان بۇلاق.
نورۇزنىڭ ئۆزى بىر ئەردەمدىن دەرس،
ئۇندا جەم ئەنئەنە، ئۆزگىچە پۇراق.

تەپتى ئۇ تەپۈك[11] نى، ئوينىدى چەۋگەن،
ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپ ئاتالدى مەرگەن.
ئوغلاقنى تالىشىپ بەيگىچى بىلەن،
سانالدى ئاخىرى ھەممىنى يەڭگەن.

مۇغەننى جور بولۇپ جۇشقۇن ساماغا،
يەتكۈزدى قىسسىنى ماقام ۋايىغا.
مەھمۇدنىڭ كۆزىدىن ئاقتى تارام ياش،
قىسسىنىڭ تەسىرى كېلىپ يادىغا.

«ئوردىكام» ئويناشنى باشلىدى بوۋاي،
رىۋايەت - چۆچەك دەپ ھارمىدى موماي.
بوت - بوتنى چېلىشتى كەپسىز باللار،
ئەتراپتا ياڭرىدى ناغرا ھەم سۇناي.

پەلەككە يامىشىپ ئەزىمەت دارۋاز،
بەئەينى بۈركۈتتەك ئەيلىدى پەرۋاز.
كوكۇل چاچ قىزچاقلار ئوينىدى تەپكۈچ،
ماھارەت كۆرسەتتى پاۋان ۋە سەرۋاز.

جامائەت زىيارەت ئەتتى مازارنى،
خادىغا باغلىدى رەڭدار ماتانى.
غېرىبنى غەملەردىن ئەيلىدى خالاس،
تۈگەتتى ئەل ئارا كۆڭۈل ئازارنى.

ئوردىكام، چىلىشىش باشلاندى يەنە،
ھەممەيلەن چاۋاكلاپ قىلدى تەنتەنە.
ئول مەھمۇد ئېيتتىلەر: «بۇ گۈزەل نورۇز،
ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس، ئەنئەنە.

نورۇز ئۇ خەلقىمىنىڭ ئېسىل بايرىمى،
ئۆملۈكنىڭ، ئېھسانىنىڭ جۇشقۇن قاينىمى.
يېڭى يىل مەۋسۇمى يېڭى تىلەكلەر،
چېكىدۇ قەلبىنىڭ نازۇك تارىنى.

نورۇزنى قانداقمۇ يازماي «دىۋان» غا،
ئەنئەنە، ئادەتنى قوشاي «دىۋان» غا.
ئۇ بىرلە تېخىمۇ رەڭدار تۇس كىرەر،
تەھسىل ئەيلىبان تىل ۋە زوۋانغا.»

چوڭ ئۆجمە تۆۋىگە جەملەندى ئاۋام،
ھەممىنىڭ قولىدا يوغان ھېجىر - جام.
ئۆجمىنىڭ سەيلىسى ئاخىرلىشىپلا،
نورۇزنىڭ سەيلىسى بولدى ۋەسسالام.



# ئاھ ياشلىق

ياشلىق ئۇ ئىنساننىڭ باھار چاغلىرى،
گۈللەرگە لىق تولغان ئۇنىڭ باغلىرى.
ياش كۆڭۈل بەزىدە شەيتان ئۇۋىسى،
پاك ـ پاكىز كۆڭۈلدە قالار داغلىرى.

شۇ «نورۇز بۇلاق»تا كىتاب كۆرگەن قىز،
مەھمۇدنىڭ قەلبىگە سىڭىپ ئۆتتى ئىز.
ئاھ، ئۇنىڭ خىيالەن گۈزەل ئوبرازى،
يۈرەكنى ئەيلىدى دولقۇنلۇق دېڭىز.

ئول مەھمۇد ئۈزمەكتە خىياللار ئارا،
ئاشىقلىق دەشتىدە يۈرىكى يارا.
ھەر قېتىم ئەسلىسە ساھىبجامالنى،
ئوتتىكى قاقشالدەك تولغىنار مانا.

بۇ گۈزەل پەرىزات پەرىشتىمىكىن؟
ئاي بىلەن قېرىنداش، ئەرشتىمىكىن؟
ئۇ بەلكىم يارالغان قىپقىزىل گۈلدىن،
كۆزلىرى گويا نۇر، ئۇ ئۆكەرمىكىن؟

بىغۇبار پاك قەلبى قاشتېشىسىمان،
قاشلىرى قارلىغاچ قانىتىسىمان.
چېھرىدۇر ئاناردەك، لەۋلىرى غۇنچە،
ئاھ، سۇمبۇل چاچلىرى گويا تالسىمان.

جاھاندا بۇنچىلىك گۈزەل يوق، ئەينا[12]،
ئۇ مېنىڭ روھىمدا ئۈنگەن گۈل - رەنا.
ئۇنىڭ ھەر بېقىشى گويا سىر - ھېكمەت،
بالقىيدۇ كۆزىدىن ئالەمچە مەنا.

ئۇ گويا بىر قۇياش، ئاتەشنىڭ ئۆزى،
يېقىملىق كۈي - ناۋا ئۇنىڭ ھەر سۆزى.
زارىقىش، سېغىنىش قىينىدى جانىنى،
ئۇ كىمدۇر بىلمىدىم، نەدىدۇر ئۆيى؟

ئول مەھمۇد كەلمەكتە خىيالغا پېتىپ،
كۆك «نورۇز بۇلاق»قا مېھرىلىك بېقىپ.
ئاھ، بىر چاغ پەرىزات قاپاق كۆتۈرۈپ،
چىقتى زەر قۇياشتەك ئوتلارنى چېچىپ.

ھەيرەتتە قالدى ئۇ مەھمۇدنى كۆرۈپ،
داۋاندىن نەچچە رەت كەتتى مۈدۈرۈپ.
قاپاقتا ئالماستىن زەمزەمنى تېخى،
گوياكى كېيىكتەك قاچتى ئۇ ئۈركۈپ.

تۈيۈقسىز ئۈندى ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا،
قىزچاقمۇ مەھمۇدنى ئالدى يادىغا.
ھايا قىپ ئول قىزچاق قاچتى كېيىكتەك،
يوشۇردى ئۆزىنى پىنھان - دالدىغا.

چىقمىدى ئۇلاردىن بىر ئېغىز زۇۋان،
خىجالەت ھەم ھايا ئاڭا ھۆكۈمران.
ئاھ، شۇ تاپ شوخ يۈرەك يېرىلاي دېدى،
كۆيمەكتە ياغ كەبى تومۇردىكى قان.

قىزچاقنىڭ چېھرىدە شەپەق جىمىرلاپ،
ئوۋلانغان كېيىكتەك كەتتى تېپىرلاپ.
گۈل كەبى ئايىنغان گۈزەل رۇخسارى،
يەلپۈندى قامغاقتەك تىترەپ دىرىلداپ.

مەھمۇدنىڭ توغراقتەك قەددى پۈكۈلدى،
چىلەكتە قۇيغاندەك تەرگە چۆمۈلدى.
«ئاھ گۈزەل پەرىشتەم» دېدى ئىچىدە،
سەمەندەر كەبى زور ئوتقا كۆمۈلدى.

ئول مەھمۇد بىھوشتەك چۈشتى يىقىلىپ،
قىزچاق بىر قاراپلا كۈلدى تېلىقىپ.
قاپاققا لىق چىڭقاپ بۇلاق سۈيىنى،
ئۆيىگە تېز قاچتى شۇئان ئەيمىنىپ.

ئۇ كەلدى سايىدەك قىزغا ئەگىشىپ،
گويا بىر ئىزچىدەك ئىزىنى بېسىپ.
قىز يەنە يۈگۈرۈپ كەتتى ئۆيىگە،
ئاي كىرىپ كەتكەندەك قالدى ئۇ جىمىپ.

قىز دېگەن شەيتانمۇ ياكى ئېزىتقۇ؟
ۋە يەنە يۈرەكنى كۆل قىلغان ئاق قۇ؟
مەن گويا بىر سارالڭ ۋەياكى ئاشىق،
سۆزلەيمەن ئۆزۈمگە تاقىقا ھەم تۇققۇ.

بىر كۈنى مىندى ئۇ يورغا ئېتىغا،
گۈزەل بىر ئىستەكنى پۈكۈپ دىلىغا.
ئايلىنىپ «ئايىنىڭ ئۇۋىسى»نى ئۇ،
مىڭ تەستە جايلاشتى باغنىڭ يېنىغا.

ئويلىدى ئىچىدە: «باتۇرۇڭ بولاي،
گەر يۈرسەڭ چۆللەردە بۇلاقىڭ بولاي.
‹سەن كىم؟› دەپ سورىساڭ مېنى مۇبادا،
قەلبىڭدە ئۇندەش ھەم سوراقىڭ بولاي.»

ئۇ ئاتتى ئۆگزىنگە قىزغۇچ چالمىنى،
نە چالما، قەلبىدىن ئۈزگەن ئالمىنى.
زېرەك قىز تۇيدۇرماي چىقتى بېغىغا،
تىترىتىپ ئاشىقنىڭ يۈرەك تارىنى.

«ئەسسالام، مەرھابا گۈزەل پەرىشتەم،
قەلبىمدە سىزلا بار، كۆزلىرىمدە نەم.
مەن قاقشال، سىز بىر ئوت گۈرۈلدەپ يانغان،
ئىشقىڭىز روھىمغا قونغان پاك شەبنەم.

سىز مېنى قىلدىڭىز ئاشىق ھەم ساراڭ،
ساماندەك سارغايغان چېھرىمگە قاراڭ.
مەن سىزنى سۆيىمەن مەڭگۈ - مەڭگۈگە،
مەيلى سىز چىن دىلدىن خالاڭ - خالىماڭ.

قەلبىمنى چۈشىنىڭ گۈزەل ئاي خېنىم،
تېنىمدە قالمىدى روھىم ۋە جېنىم.
تومۇرلىرىمدا ماگىما ئاقىدۇ،
يۈرىكىم يېرىلاي دەپ قالدى، خېنىم.»

قىزىلگۈل ئېچىلدى قىزنىڭ يۈزىدە،
خىجالەت ھەم ئىزا ياندى كۆزىدە.
تەمبۇرنىڭ تارىدەك تىترىدى جىسمى،
ئوت - ئاتەش لاۋۇلداپ ياندى كۆڭلىدە.

كۆرۈندى بىراۋنىڭ سايە - قارىسى،
ئۇ ئىدى ئەسلىدە قىزنىڭ ئاتىسى.
قىز قاچتى ئۆلگۈدەك ئىزا - ئەلەمدە،
يۈتىلىش چوڭلارنىڭ ئوبدان چارىسى.

بىلدى ئۇ مەھمۇدنى يۈرەك پارىسى،
ئۇ دېگەن مەرىپەت ئاشىيانىسى.
قىزىمنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپتۇ،
بىراق، ئۇ ئەمەسمۇ تەخت ۋارىسى؟

مەھمۇد ئۇ گۆھەردەك ئېسىل بىر يىگىت،
ئەخلاقى - پەزلىدە يوق زەررە چېكىت.
ۋەلېكىن قاراخان بىزنى پەس كۆرۈپ،
بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چاقىدۇ چىگىت.

ياش ئاتا ئىچىدە سۈرۈپ كەڭ خىيال،
شادلىق ۋە ھەسرەتتە بولدى كۆپ مالال.
ئاھ خۇدا، رىزقىنى قوشۇپ ئالغايسەن،
ھەممىگە قادىرسەن، قىلغايسەن ئامال.

مەھمۇدنىڭ گېلىدىن ئۆتمىدى غىزا،
قەلبىدە ئەدەسىسىز[13] ئەلەم ۋە ئىزا.
ئەي ئاتا، ئالدىڭدا بولدۇم ئەدەپسىز،
كەچۈرگىن سەن مېنى، بولغايسەن رىزا.

نېمە كۈن كۆرگەندۇ گۈزەل پەرىشتەم،
ئىزادا قىينىلىپ يۈرگەندۇ ھەر دەم.
ئەي ياشلىق، شوخ ياشلىق، ساراڭدەك ياشلىق،
جىمى دەرد - ئازابلار ماڭا مۇجەسسەم.

*    *    *

«كەل ئوغلۇم، سەن ئۈچۈن يۈرەك سۆزۈم بار،
قەلبىمدە سىر تۇتۇپ كەلگەن تۈگۈن بار.
ئوردىنىڭ تارىم ھەم خانىشلىرىدىن،
قىزىنى سايە قىپ كەلگەنلىرى بار.

پەرزەنتنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىش،
ئاتا ھەم ئانىنىڭ بويىندىكى ئىش.
ئەي ئوغلۇم، تويۇڭنى قىلىپ قويايلى،
تۈگىسۇن سەن ھەققە بولغان شۇ مىش ـ مىش.»

مارجاندەك تۆكۈلدى ئانىنىڭ سۆزى،
شەپەقتەك قىزاردى مەھمۇدنىڭ يۈزى.
يالغاننى يوشۇرۇپ بولالمىغاندەك،
ھەر ياققا پىلدىرلاپ چاقنىدى كۆزى.

«ۋەزىرنىڭ قىزلىرى ماڭا بىكىرەك،
ئۇلاردا ھەشەمەت، نادانلىق دىرەك.
بىر قىز بار قەلبى ساپ ئالتۇندەك گۈزەل،
گەر نامرات بولسىمۇ، بىلىملىك، زىرەك.»

«ئەي ئوغلۇم، ئازدىڭمۇ هوش ۋە ئەقلدىن،
بۇ دېگەن بىر ئۇدۇم خانلىق ۋەسلىدىن.
يات بىلەن توي قىلساڭ خاقان قوشۇلماس،
ئۇنتۇما، سەن دېگەن خانلار نەسلىدىن.»

«ئەي ئانا، كەچۈرگىن، سەندىن ئۆتۈنەي،
خانلىقنىڭ يوسۇنى ئۆچسۇن، ئۆرگۈلەي.
كارۋانچى دادامنىڭ شۇ گۈزەل قىزى،
گويا بىر پەرىشتە، ئاڭا ئۆيلىنەي.»

خانىنى جىمجىتلىق باستى ئۇزاققا،
ئانىنىڭ خىيالى كەتتى يىراققا.
جاۋابلار ئىزدىدى تۇمانلار ئارا،
نە قىلىش كېرەكتۇر؟ دېگەن سوراققا.

بىر كۈنلەر شۇ قىزنى كۆرۈپ ھەممىسى،
مەھمۇدقا چىن دىلدىن كەلدى ھەۋىسى.
ئەجەب «خىل خىلىغا كەپتۇ» دېيىشىپ،
شامالدەك يىراققا ئۇچتى غەلۋىسى.

ياگرىدى ھېيتگاھتا تويىنىڭ ناۋاسى،
قىزىدى ئوت كەبى ئۇسسۇل ـ ساماسى.
ئول مەھمۇد ھۆسەيىن بىلەن چولپانئاي[14]،
ئۇلۇغ بىر سۆيگۈنىڭ بولدى «تۇرا»[15] سى.

# تەگرىتاغدا كارۋان

بولمىسا ئىنساندا غايە ۋە ئىستەك،
هاياتلىق دەرىخى ئاچمايدۇ چېچەك.
هەر ئىنسان ئۆمرىدە ئەل-ۋەتەن ئۈچۈن،
تۆھپىلەر يارىتىپ ئۆتمىكى كېرەك.

بولمىسا بىر ئەلنىڭ ئىلمى ئەگەر،
بايقالماي ئۆتىدۇ تۇپراقتىكى زەر.
ئىلىمسىز بۇ دۇنيا گويا قاراڭغۇ،
بۈركۈتسىز ئورمانغا ئوخشار ھەممە يەر.

ئىلىم ئۇ ۋەتەننىڭ يېڭى قۇياشى،
گۈللىنىش، نۇسرەتنىڭ سەركە-سۇباشى.
خانلارنىڭ، بايلارنىڭ ئازدۇر چىن دوستى،
ئىلىمنىڭ يۇلتۇزدەك كۆپتۇر ئاداشى.

بىر ئالىم يېتىلسە كۆلىدۇ زېمىن،
بىر ئالىم يىقىلسا ئۆگىدۇ زېمىن.
بىر زالىم يېتىلسە يىغلايدۇ تاغلار،
ئالىمنى ئۇلۇغلاپ سۆيىدۇ زېمىن.

ئول مەھمۇد ئويلاندى ھايات ھەققىدە،
ھاياتقا مۇھەببەت ئۇرغۇپ قەلبىدە.
مەن چەكلىك ئۆمرۈمدە ئەمدى نە قىلاي؟
ھاياتنىڭ قىممىتى زادى قەيەردە؟

كۆڭلىرىم ئۆتسىمۇ شۇنچە باياشات،
بۇركۈتتەك ئۇچماققا يوقتۇر ھېچ قانات.
تۈيۈلار بىر يېرىم خۇددى كەمدەكلا،
تۆھپىسىز ياشىماق مەن ئۈچۈن ئۇيات.

مەن كېزەي ئەل ئارا، تۈركىي قوۋمنى،
جۇغلاي جىق شېۋىنى، ھەممە ـ ھەممىنى.
تىل دېگەن پاساھەت، تىل دېگەن بايلىق،
تونۇسۇن ئەل ـ ئاۋام تىلنىڭ قەدرىنى.

ئۇ قالسۇن ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس،
بوغۇنلار ئۆتمۈشنى ئەيلىسۇن قىياس.
«مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالسۇن» دەپ،
«دىۋان»نىڭ ئىشقىدا كۆيەي، ئەيھەنناس.

خان ئوردا گويا چۆش، قالسۇن چۈشۈمدە،
خان جەمەت گويا تاغ، باردۇر كۆڭلۈمدە.
مەن ياشاي چېدىردا، ساتما، ئاۋۇلدا،
پادىچى ھەم دېھقان ھەمراھ كۈنۈمدە.

*　　　*　　　*

هالاۋەت نە كېرەك، بىلىك دەپ ياشاي،
دۇلدۇلدەك شاشلىنىپ تاغ - داۋان ئاشاي.
خەير - خوش ئەل - ئاۋام، ئاتا ۋە ئانام،
خەير - خوش سۆيگىنىم گۈزەل چولپانئاي.

ھەممەيلەن مەھمۇدقا ئاق يول تىلىدى،
شەيخ[16]مۇ ھۆرمەتتە باشنى ئېگىدى.
بىر موماي ئۇنىڭغا تىلەپ ئامانلىق،
مەھمۇدنى ئىسرىقلاپ ئۇزاق يىغلىدى.

چولپانئاي مەھمۇدقا تۇتۇپ قول ياغلىق،
ئېيتتىلەر: «بارلىقىم سىزگىلا تالىق.
جان تەندە بولسىلا جەممۇ بولارمىز،
تىلەيمەن سەپەرگە ئېسەن - ئامانلىق.

ئول جاندىن كەچمىگەن يەتمەس جانانغا،
چىقالماس غەيرەتسىز كىشى داۋانغا.
جاپانى چەكمىسەڭ مەنزىللەر ئارا،
يەتكىلى بولمايدۇ ئارزۇ - ئارمانغا.»

مەھمۇدنىڭ كارۋىنى چالدى قوڭغۇراق،
قالدى بەك يىراقتا ئوپال ۋە ئازاق.
ئارتۇچتا قۇرۇماي تېخى شىر چوروۇق،
ھەسسۇلتان مازارىدا ياتتى ئۇ ئۇزاق.

خىياللار ئەپقاچتى ئۆتمۇشكە تامان،
كۆزىگە كۆرۈندى كۆل بىلگە خاقان[17].
كابۇل ھەم ھىراتتا ئاتنى چاپتۇرۇپ،
بازىرخان[18] سورىغان ئەمەسمۇ جاھان.

ئۇنتۇش نەھاجەت ئەجداد ۋەسلىنى،
ياتلاشسا كۆزىدۇ قىشنىڭ پەسلىنى.
شىرنىڭ نەسلىدۇر ھامان ئارسلان،
ئۇ ئەزەل يوقاتماس ئۇدۇم پەيلىنى.

بۇغراخان بوۋامدا ھەممە ئىدى جەم،
كۆزىدىن چاچرايتتى جاسارەت ۋە پەم.
قۇم كەبى چېچىلغان قوۋم - جەمەتنى،
كاشغەرنىڭ باغرىغا قىلغان مۇجەسسەم.

ھاللاندى بىر مەھەل بۈيۈك قاراخان،
سەمەرقەنت، بۇخارا، تالاس ھەم تۇران.
قۇتلۇقلاپ ھەر جايدىن يالاۋاچ - ئەلچى،
قاراخان ئېلگە سالدى داستىخان.

ئارماندا يۇمۇلدى بىر چاغدا كۆزى،
دۇر بولۇپ چېچىلدى ئۇنىڭ ئۆگۈتى - سۆزى.
جىسمى ياتسىمۇ ئارتۇچ باغرىدا،
ئۇپۇقتا زاھىردۇر ھەر كۈنى ئۆزى.

ھەمۇدنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى قاناپ،
قەبرىنى ئايلىنىپ قىلدى كۆپ تاۋاپ.
ھەسسۇلتان باغرىدا ئېسىپ داش قازان،
غېرىب ھەم غۇرۋاغا ياغدۇردى ساۋاب.

ئۇ ئېيتتى: «كەچۈرگىن بوۋام بۇغراخان،
بولغۇم يوق شاھزادە ۋەيا ھۆكۈمران.
قىلىچنى ئۇرغۇم يوق قېرىنداشىمغا،
ھەممىمىز بىر قوۋم، ھەممىمىز ئىنسان.

بۇ خانلىق جەمەتتىن چىقمىسۇن زالىم،
بۇ خانلىق جەمەتكە كېرەكتۇر ئالىم.
گەر بولسا پادىشاھ بىلىمسىز نادان،
پۇقراغا بولىدۇ قىيامەت قايىم.»

قەبرىدىن ئاڭلاندى شۇنداق بىر خىتاب:
«يارايسەن ئەي چەۋرەم، يەنە نۇسرەت تاپ.
گەر ئالىم بولساڭ سەن ئالەم سېنىڭكى،
خاقاندىن ئالىمنىڭ ئۆمرى بىھېساب.»

مەھمۇدنىڭ كۆز يېشى چۈشتى تاراملاپ،
خۇددى چوڭ دەريادەك ئاقتى شارىلداپ.
ئەسلىمە، تەزكىرە تولدى دەپتەرگە،
ئۇ مىندى ئېتىغا ئاستا ـ ئاۋايلاپ.

ئېخ كۆسەن تۆپرىقى، سەنئەت دىيارى،
سېنىڭدە مىڭئۆينىڭ ئېسىل مېمارى.
سەن ئۇيغۇر روھىنىڭ تاجى ــ مەشئىلى،
ھەر قەترە توپاڭدا تارىخ دىدارى.

سەن بۇددا ئوردىسى ئەزەلدىن بۇيان،
چاقىندىك يۇلتۇزدەك، چىقسىمۇ بوران.
ئاقىدۇ كوچاڭدا راھىب كالانلار،
ۋەلېكىن ھەممىدە ئوخشاش بىر زۇۋان.

تام رەسىم گوياكى سەنئەت جەۋھىرى،
كىشىنى مەپتۇنكار قىلار ھەر بىرى.
كامالەت ئۇستىسى بۇندا مۇجەسسەم،
ئالەمدەك گۈزەلدۇر رەسىم تەسۋىرى.

يىراقتا ياڭرىدى قىسسە ھەم داستان،
شاھ ئالىپ ئەرتۇڭا قىلىنغان بايان.
ئۇ يېزىپ قىسسىنى يۈرەك ـ باغرىغا،
يول ئالدى كۆسەنىڭ سەھراسى تامان.

ئۇ سىڭدى قۇملۇققا گويا زىلزىلدەك،
چاقنىدى سەھرادا خۇددى زىيادەك.
تىلسىمات دۇنياسى دەشت ـ چۆلگە،
ۋۇجۇدى تارىدى شېرىن خىيالدەك.

ئۇ كېچىپ نەچچە رەت دەريا ـ تارامنى،
زىيارەت ئەيلىدى پۇقرا ـ ئاۋامنى.
كېچىسى تۈنىدى يۇلتۇز بىلەن تەڭ،
توغراقلار شىۋىرلاپ بەردى سالامنى.

بۇركۇت ھەم شۇڭقارلار ئۇچتى بېشىدا،
بۇلبۇللار نەغمىگە چۈشتى يېنىدا.
«ئاپىرىن، مۇبارەك» دېدى شاتۇتى،
مەھمۇدنى ئۇلۇغلاپ ئاشۇ جېنىدا.

ئاق تۇلپار يىقىلدى چۆلدە ھالسىراپ،
ياش مەھمۇد پىيادە يۈردى ئالدىراپ.
گەرچە قۇم بولسىمۇ ئۇ باسقان يوللار،
ئىزىدىن چىمەنلەر ئۈندى يالتىراپ.

ئۇپۇقتا قىزىلگۈل ئۈنگەن تاڭ سەھەر،
ئاھ! تارىم توغرىقى گۈزەل شۇ قەدەر.
ئول مەھمۇد زەر قۇمغا كۆمۈلدى بىر رەت،
يۇلغۇنلار چېچەكلى يايدى كەڭ شەلپەر.

ئاھ تارىم دەرياسى، قەدىمىي دەريا،
باغرىڭدا شىر، يولۋاس، كوكات ھەم رەنا.
ئاقىسەن سەن مېنىڭ تومۇرلىرىمدا،
ھەر تامچە سۈيۈڭدە ئالەمچە مەنا.

شۇ تارىم دەرياغا ئوخشايدۇ جېنىم،
توغراقتەك يىقىلماس ئەجدادىم - تېگىم.
پاك روھىم تۇتاشقان تىلسىم شەھەرگە،
قۇملۇقنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ تېنىم.

قۇم باسقان شەھەردە ئالەمچە سېھىر،
ئول «ئۇسمى تارىم»[19] نىڭ ھەممىسى شېئىر.
گەرچە قۇم ياغسىمۇ ئۇشبۇ تۇپراقتا،
ياغقاننىڭ ھەممىسى سۆيگۈ ۋە مېھىر.

ئەي كۇسەن، توپاڭنى كۆزۈمگە سۈرەي،
مەن سېنى كاشغەرنى سۆيگەندەك سۆيەي.
ئاۋۇدى ئۆگۈتۈم ھېكمەتلىرىڭدە،
مۇبارەك نامىڭنى «دىۋان»غا پۈتەي.

كارۋانچى توختىدى كونا سۈلمى[20] دە،
ئۇ ئۈزدى بېلىقتەك بۇلاق سۈيىدە.
ئاق قۇلار شوخ كېرىپ قاناتلىرىنى،
«مەرھابا» دېيىشتى باغراش كۆلىدە.

مەھمۇدنىڭ خىيالى ئۇچتى ئاق قۇدەك،
ئۇ مەڭگۈ تاشلارغا يوپۇق ياپقۇدەك.
ئورخۇندىن كۆچ-كۆچتە كەلگەن بىر قوۋم،
سۈلمىگە چېچىلىپ تۇرۇپ قالغۇدەك.

ئەمەسمۇ ئۇ مېنىڭ قان قېرىندىشىم،
كەل، قۇچاق ئاچايلى دىلداش ـ تىلدىشىم.
يىلتىز بىر بولسىمۇ كۆپتۇر شاخچىلار،
ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر ئەزىز دىلكىشىم.

ئالتۇندەك قەلبىدە ئاقتى ھاياجان،
شېئىلەر گويا كى كەڭ تەكلىماكان.
ئىسكەندەر[21] تۇنگەن ئۇشبۇ شەھەردە،
پۈتۈلدى ئەسلىمە، تەزكىرە، داستان.

بىر ئىللىق شوخ ئېقىم كەلدى شامااللاپ،
ئوت پەسلى كارۋاننى ئالدى قاماللاپ.
ئول مەھمۇد ئېيتتىلەر: «ئۇشبۇ ئوت ئەمەس،
ئىدىقۇت خەلقىنىڭ مېھرىدۇر ئۇ ساپ.»

قەدىمي ئاستانە بۈيۈك ئىدىقۇت ،
ئەزەلدە ئۇنىڭدا مەۋجۇت ئىدى قۇت .
پادىشاھ ئۇنۋانى شۇنداق ئاتالغان ،
قۇتلۇقلاپ يامغۇرنى چاچقان ئاق بۇلۇت .

ئىدىقۇت ئۇيغۇرنىڭ قەدىم ماكانى ،
ئۇ ئۇيغۇر روھىنىڭ مۇقەددەس كانى .
بۇندىكى تارىخ ۋە سەنئەت مىراسى ،
ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈلۈك شەرەپ ۋە شانى .

ئىدىقۇت ــ تارىخنىڭ ئالتۇن ۋارىقى ،
ئىدىقۇت ــ كۆلتۆر[22]نىڭ كۆزى - قارىقى .
ئىدىقۇت ــ يۇلتۇزنى تۇغدىغان جاي ،
ئىدىقۇت ــ ئەردەمنىڭ سولماس ياپرىقى .

قوچۇنىڭ باغرى كەڭ، ئۆزگە قىياپەت،
ئاجايىپ جەلپكار بۇددا ئىمارەت.
بېزەكلىك مىڭئۆيىدۇر سەنئەت خەزىنىسى،
ھەر جايدا سەيياھلار قىلغان زىيارەت.

ئۇ كەزدى قوچۇنى شۇنچە بىمالال،
ئايدىڭكۆل جىمىرلاپ چاقنىدى ۋال-ۋال.
كارىزنىڭ سۇلىرى گويا مۇزىكا،
ئورماننى ئۇسسۇلغا سالدى شوخ شامال.

قىزىقچى بوۋايلار كارۋاننى ئوراپ،
ئوينىدى شىر بىلەن يولۋاسنى دوراپ.
راھىبلار توۋلىغان ئۆزگە ناخشىلار،
بۇلۇتنى تىترەتتى ئەتراپقا تاراپ.

بۇندا تەل توقۇزى «توققۇز ئۇيغۇر» نىڭ،
خوي قارلۇق، خوي ياغما ياكى ئوغۇزنىڭ.
تونىمدا ئۇلۇغدۇر ئاشۇ توققۇز سان،
شۇنچە كۆپ خاسيەت چاقنار توققۇزنىڭ.

ئۇ «مايترى سىمىت» تىن پارچە ئوقۇدى،
ئول «ئالتۇن يارۇق» تىن قەلبى يورۇدى.
«ھەزرىتىم كەتمىسلە ئاستانىدىن» دەپ،
ئەل - ئاۋام دوست تارتىپ يولنى توردى.

ئىيتتىلەر ئول مەھمۇد: «ئەي جەننەت زېمىن،
ئۆملۈكنىڭ ۋەزنىدە دىل تاپتى ئەمىن.
قوچۇنىڭ تەرىپى مەڭگۈ بىر داستان،
يەنمۇ روناقلان، خەير - خوش، ئامىن.»

قۇياشنى ئۇيغىتىپ ئاتلاندى كارۋان،
مەھمۇدنىڭ قەلبىدەك كەڭرى كۆك ئاسمان.
يالقۇنتاغ يىراقتا قالدى يالقۇنجاپ،
ئۇ گويا ئاتەشكە كۆمۈلگەن ئارمان.

نىگاھتا بوغدىنىڭ چوققىسى زاھىر،
ھەر باقساڭ كىشىنى قىلىدۇ شائىر.
تەڭرىتاغ شەمشەردەك يارغان بۇلۇتنى،
ئۇ مېنىڭ قۇۋىتىمدەك ھەممىگە قادىر.

ئوغۇزخان سىماسى كۆرۈندى بۇندا،
جان يايراپ شادلىققا چۆمۈلدى بۇندا.
كۆك بۆرە ھۇۋلىشىپ تۇمانلار ئارا،
پاك دىللار غۇرۇردىن سۆيۈندى بۇندا.

بەشبالىق قۇت چاچتى مەھمۇد يولىغا،
يۇرەكلەر چۆمۈلدى مېھىر نۇرىغا.
ئۇ گويا يايلاقنىڭ شاھەنشاھىدەك،
سايراتتى بۇرغىنى ئېلىپ قولىغا.

بەشبالىق، ياڭبالىق، تاغلىق، ئېدىرلىق،
كۆكلەكنىڭ چېتىدە سانسىز چېدىرلىق.
مەھمۇدقا ئوخشىغاچ چوپاننىڭ تىلى،
سۈت كەبى ئۇيۇدى دوستلۇق، يېقىنلىق.

پانتېكىن غەربكە كۆچكەندە بىر چاغ،
ئورخۇندىن يول ئېلىپ ئاشقان باغۇتاغ.
قاشقوۋۇق تېشىغا چۈشكەن داغ كەبى،
كۆچمەننىڭ قەلبىدە قالغان ئۆچمەس داغ.

خەيرىيەت يېنىسەي، ئورخۇن ۋادىسى،
سەن ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ زېمىن ئانىسى.
مەڭگۈتاش بىر تارىخ كۆمۈلمەيدىغان،
ھەر جايدا ئۇيغۇرنىڭ تاش ئابىدىسى.

ئاھ! شۇ چاغ كۆچمەننى قېرىنداش بىلىپ،
بالىقلار كەڭ يايغان قۇچاقنى ئېچىپ.
قوشۇلۇپ قوۋملار قېرىنداش ئارا،
ئۇيۇل تاش مىسالى كەتكەن بىرىكىپ.

قېرىنداش ئوخشايدۇ گويا تۇغراققا،
يىلتىزى تۇتاشقان كەڭرى تۇپراققا.
مەيلى ئۇ كۆكلىسۇن تارىمدا، لوپتا،
ئىگىدۇر يەنىلا ئۆزگە پۇراققا.

ئول مەھمۇد كۆڭلىدە ئويلاپ شۇلارنى،
قېرىنداش مېھرىدە سۆيدى ئۇلارنى.
كۆردى ئۆز نېنىنى ھالاللاپ يېگەن،
چەۋەنداز قوۋمنى، مەرگەن ئۇيغۇرنى.

سايرام كۆل يۇرۇڭقاش تېشىدەك سۈزۈك،
تەڭرىتاغ باغرىدا سەن زۇمرەت ئۈزۈك.
چاك - چېكىڭ كۆك بىلەن كەتكەن تۇتىشىپ،
ئاھ! بۇندا ئاي بىلەن سۆھبەت تۈزگۈلۈك.

تەلكىنىڭ داۋىنى ئېگىز بىر داۋان،
بۈركۈتلەر توپىدەك يۈرمەكتە كارۋان.
قۇرۇغان سۆڭەكلەر ياندا بىر دۆۋە،
ئۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قالغان بىر زامان.

گەر يوللار بولسمۇ شۇنچە خەتەرلىك،
تەڭرىتاغ بەك گۈزەل، ئېگىز، ھەيۋەتلىك.
ئاھ! مېنىڭ تاغ سۆيەت ئەجدادلىرىم بار،
ئەۋلادىم بولغاي ھەم شۇنداق قەدىرلىك.

ئۇ دەپتەر - قەلەمنى يايدى مىڭلاق[23] قا،
تۆنلەرنى ئۆتكۈزدى گۈزەل قىشلاقتا.
بەئەينى كاشغەرلىك مىڭلاق چوپانى،
ئوخشايتتى سۆزى سۆز، سىياق سىياققا.

ئەي ئىلى دەرياسى، تاغنىڭ تومۇرى،
بويۇڭدا كۆلكە ھەم بەزمە ھۇزۇرى.
ھەر كىشى گويا بىر پالۋاننىڭ ئۆزى،
قەلبىدە ئاقىدۇ قوۋم غۇرۇرى.

ئىلىنىڭ ئاتلىرى داڭلىق جاھانغا،
تەرىپى پۇر كەتكەن يىراق تۇرانغا.
ئۇ ئۇزۇپ چىقىدۇ گويا شۇڭقاردەك،
مۇبادا يولۇقۇپ قالسا بورانغا.

چوپانىنىڭ مالخىيى زەپمۇ ياراشقان،
قامىتى تاغلاردىن ھۆسن تالاشقان.
ئۆتۈكى، جۇۋىسى شۇنچە چىرايلىق،
سەيياھلار ھەيرەتتە ئاڭا قاراشقان.

نەقەدەر گۈزەل-ھە ئېرتىش بىلەن قاش،
مارجاندەك پارقىرار دەريادىكى تاش.
ئەجدادلار يارالغان ئالتاي تېغىغا،
ھۆرمەتتە ئېگىلىپ قوياي ئاڭا باش.

# دەشتى قىپچاق دالاسى

بىپايان سوزۇلغان قىپچاق دالاسى،
ئۇرۇلار ئىسسىقكۆل نەمخۇش هاۋاسى.
چېدىرغا لىق تولغان يايلاق ئاۋۇلدىن،
ئاڭلىنار باربىتنىڭ مۇڭلۇق ساداسى.

چىگىللەر، قارلۇقلار، ئۇيغۇر، ياغمىلار.
هەر جايدىن ئوخشاش بىر زۇۋان ئاڭلىنار.
ۋايىزنىڭ رىتىملىق ئاهاڭلىرىدا،
ئەزىمەت كەچمىشى شۇنچە داڭلىنار.

ياپيېشىل مەخمەلدەك سوزۇلغان تالاس،
قىرغىزنىڭ ئۆيىدىن ياڭرايدۇ ماناس.
تەپمە توپ ۋە چەۋگەن ئوينىلار بۇندا،
هەممەيلەن شاد ـ خۇرام، غەملەردىن خالاس.

بارسغان[24] ئەتراپى گۈزەل يېشىل تاغ،
ئەتراپى چىمەنزار، ئالمىزارلىق باغ.
ھاۋاسى يېقىملىق، جاننىڭ ھۇزۇرى،
ھەر قوۋم توپلانغان قەدىمىي بىر چاغ.

ئۇ كەلگەن بۇ جايغا ئۇدا نەچچە رەت،
ھۇسەيىن ئەمىر بوپ قۇچقان شان-نۇسرەت.
ئۆملۈكنىڭ ناخشىسى ياڭرىغان بۇندا،
قەلبتىن-قەلبكە ئاققان مۇھەببەت.

بالاساغۇن باغرىدا رەت-رەت ئىمارەت،
قۇببىلەر ئۆزگىچە ھەيۋەتتۇر، ھەيۋەت.
بۇغراخان بۇ جايدا ئالىم ئۇستازغا،
بىر چاغدا تون يېپىپ بەرگەن زىياپەت.

قۇز ئوردا شۇ قەدەر چىرايلىق، گۈزەل،
ياڭرايدۇ ئۇنىڭدىن داستان ۋە غەزەل.
«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىشقىدا يېنىپ،
يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ تۇرغان بىر مەھەل.

تارىمنىڭ چۆلىگە ئوخشايدۇ تۇران،
ئۇشقىرتىپ چىقىدۇ قۇيۇن ۋە بوران.
شۇ دەشتى قىپچاقنىڭ ئاۋۇللىرىدا،
شېۋە كۆپ بولسىمۇ، ئوخشاش بىر زۇۋان.

مەھمۇدنىڭ مەڭزىگە سۆيدى شوخ شامال،
تولىدى شېۋىنى ئەركىن، بىمالال.
مېھىر ۋە مۇھەببەت گويا بىر دېڭىز،
ئاقتى شوخ يۈرەككە ئۆركەشلەپ زىلال.

ۋاقتىنىڭ شاملى توزان توزۇتۇپ،
تەبىئەت باھارنى قويدى ئۈزۈتۈپ.
شاخلاردىن تۆكۈلدى ئالتۇن ياپراقلار،
جۈت نەشتەر ئەكەلدى سوغنى پۈرتىپ.

ۋەلىكىن مەھمۇدنىڭ قەلبىدە باھار،
ھېكمەتتىن نۇرلانغان روھىدا ناھار.
زەر رەڭلىك ئاسماندۇر خوتەن قەغىزى،
يۇلتۇزلار مارجاندەك تىزىلدى قاتار.

يىراققا چاپتۇرۇپ ئىلى ئېتىنى،
ئاڭلىدى زەن قويۇپ قىپچاق گېپىنى.
گۈلخانغا ياندىشىپ تۈنىدى كېچە،
خۇرجۇندىن ئېپ يېدى بۇغداي نېنىنى.

ئەتراپتا شىر، يولۋاس ئەنسىز ھۆۋلىدى،
ئۇ گويا بىر مەرگەن، شىرنى ئۇۋلىدى.
ئۈچرىسا قاراقچى قىلىچنى ئېلىپ،
گويا بىر لەشكەردەك ئۆنى تورىدى.

ئاسان ئىش نەدە بار ئۇشبۇ جاھاندا،
پاك غايە بىخلىنار روھتا، ئارماندا.
مىسالەن قىزىلگۈل ئېچىلار مىڭ تەس،
بىھېساب قەترىدە، مىڭبىر جاپادا.

بولسا گەر ئىنساندا غايە ۋە ئىستەك،
شۇ ئىستەك ئوتىدا بولسا پايپېتەك؛
تاغلارنى پەرھادتەك تەشسە قۇدرىتى،
ئىزىدىن ئۈنىدۇ شۇندا گۈل - چېچەك.

بولمىسا ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئىخلاس،
قالمىسا ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس.
ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ بىر بۈيۈك رىشتە،
ئىدراكلىق ئەي يارەن ئەيلىگىن قىياس.

ئۇل مەھمۇد شۇلارنى ئويلاپ بىرھازا،
قانلىرى ماگمىدەك قىزىدى تازا.
ئۇ گويا نۇر كەبى سىڭىپلا كەتتى،
قىپچاقنىڭ بىپايان دالاسى ئارا.



## خەير - خوش، ئېدىل دەرياسى

ئانا يۇرت چۈش كەبى قالدى يىراقتا،
ئول مەھمۇد سېغىنىپ كۆيدى پىراقتا.
كۆۋەجەپ ئاقماقتا ئېدىل دەرياسى[25]،
بۇژغۇنلار چاچرىتىپ زەيكەش قىرغاقتا.

بۇ زېمىن نەقەدەر كەڭرى، بىپايان،
سوزۇلغان مەشرىقتىن مەغرىبكە تامان.
قوۋملار چېچىلغان بۇندا يۇلتۇزدەك،
تىلى بىر، دىلى بىر، يىلتىزداش ھامان.

ئاھ ئېدىل دەرياسى، چاچتىڭ قەترىنى،
سۇغىرىپ كەلدىڭسەن كونا قوۋمنى.
مەڭدىمۇ سەن كەبى دولقۇن سادا بار،
ھاياجان بەھرىدە چاچاي سەۋگىم[26]نى.

ئاي، يۇلتۇز مەھمۇدقا بولدى چىن سىرداش،
بۇركۇتنىڭ شاش روھى بولدى چىن دىلداش.
قار باسقان داللار ئاڭا پاياندار،
ئېدىلنىڭ بويىدا تۇمەن مىڭ تىلداش.

ئۇل مەھمۇد تۇرماقتا دەرياغا قاراپ،
دەريادەك ھاياجان قەلبىگە تاراپ.
بىر ئوغۇز چارۋىچى تۇتتى ئىسسىق چاي،
مەھمۇدنى ئۆز بىلىپ چېدىرغا باشلاپ.

«كاشغەرنىڭ ئوغلانى مەرھابا» دېدى،
«بىز خۇددى ئېدىلدەك چوڭ دەريا» دېدى.
ئاتلىقلار كېلىشتى مەھمۇدنى يوقلاپ،
بارچە ئەل - قوۋملار بۇندا جەم ئىدى.

قېرىنداش دېگەننىڭ قەدرى باشقىچە،
قەدىمى يەتسىمۇ يىراق جايغىچە.
ياشىدىم مېھرىنىڭ ئەللەيلىشىدە،
خۇددى ئۆز يۇرتۇمدەك كۆلۈپ قانغۇچە.

ئوخشايدۇ بىر قوۋم دەرەخكە يەنە،
شاخ - شېخى بېرىدۇ چوڭ - كىچىك مېۋە.
خاقانىيە تىلىدەك ساپ تىلنى بويلاپ،
مارجاندەك چېچىلغان ھەر جايدا شېۋە.

ئول مەھمۇد يىغىندە قۇدۇق قازغاندەك،
چىدام ۋە غەيرەتتە تاغنى يارغاندەك؛
چېچىلغان شېۋىنى جەملىدى بىر - بىر،
بىر دېھقان چەش سورۇپ خامان ئالغاندەك.

ئېدىلنىڭ دەرياسى ئاقار شاۋقۇنلاپ،
مۇزلارنىڭ پارچىسى چاقنار ئالۋۇنلاپ.
قايرىلدى كارۋاننىڭ بېشى مەشرىققە،
مەھمۇدنىڭ يۈرىكى كۆيدى يالقۇنلاپ.

خەير - خوش، ئەي ئېدىل، ئاخىرقى مەنزىل،
خەير - خوش، قار ياققان زىمىستان پەسىل.
پۈتۈلدى سېنىڭدە ئۆچمەس خاتىرە،
خەير - خوش، تۇز بەرگەن پاك، ئېسىل نەسىل.

سەپەردە ئاچ قالدى گاھى ئېچىرقاپ،
بىر موماي ھەم ئۇنى قويدى ئىسىرىقلاپ.
يىگىتلەر يول باشلاپ ماگدى ئۇنىڭغا،
ئاداشلىق تومۇردا ئاقتى ئىزتىراپ.

خارەزم يولىدا كەلمەكتە كارۋان،
ئامۇ ھەم سىر دەريا چاچماقتا مارجان.
ئۆزكەنىد يۇرتىدا ئالا چەكمەننى،
مەھمۇدقا تون قىلىپ ياپتى بىر خاقان.

بۇخارا چوڭ بىلىپ مەھمۇدنىڭ زاتىنى،
ئۆگەتتى تىبابەت، فەلەكياتىنى،
مەيلى شاش، پەرغانە، نەمەنگانلاردا،
ئول مەھمۇد كۆرمىدى ياۋنى ۋە ياتنى.

ئول مەھمۇد نەچچە يىل جاھاننى كېزىپ،
تۈركىي تىل شېۋىنى توپلىدى قېزىپ.
«كىتابۇ جەۋاھىرىن......»[27] چىققتى روياپقا،
ياشلىقى ئىلمىنىڭ ئىشقىدا يېنىپ.

بارچە ئەل مەھمۇدنى ئالىم ئاتىدى،
ئۇستازى مەھمۇدقا: «رازىمەن» دېدى.
«كىتابۇ جەۋاھىرىن.......» تاراپ ئەتراپقا،
ھەر جايىنى ئىلىمنىڭ نۇرى قاپلىدى.

تەخەللۇس ئەيلەندى «كاشغەرىي» نامى،
تۇتۇلدى ھەۋەستە ھۆرمەتنىڭ جامى.
مەھمۇد كاشغەرىي دېگەن ئۇلۇغ نام،
سانالدى ئۇيغۇرنىڭ بولۇپ گۈل تاجى.

# قانلىق كۆز ياش

يۇز بەردى ئۇردىدا ھوقۇق تالىشىش،
ھېچ ئىشقا ئاشمىدى بىرلىك، يارىشىش.
زەھەرلەش ۋە قەتلىئام چىقتى ئەۋجىگە،
ئاھ! خانلىق جەمەتتە بولدى ياتلىشىش.

يىقىلدى سەرۋازلار زەھەرنى يۇتۇپ،
خانلارنىڭ ئەۋلادى چىقتى تىغ ئۇرۇپ.
تەختىكە ئولتۇردى بالا پادىشاھ،
ئول مەھمۇد ئۆلۈمدىن قالدى قۇتۇلۇپ.

قېرىنداش ئەمەسمۇ ئەسلىي بىر تۇغقان،
نەدە بار ئۆزئارا زەھەر تۇتۇشقان؟
تۈلكىمۇ چىشلەشمەس بىر-بىرى بىلەن،
ھايۋاندىن بەتتەردۇر بەزىدە ئىنسان.

ئۆزئارا تىنغ ئۇرغان قايدا، نەدە بار؟
ئۆزئارا تىنغ ئۇرغان ھەممە يەردە خار.
ئۇيۇشقاق بىر ئەلدە بۇ نېمە قىسمەت،
ئاھ! مېنى ئۆرتىدى نومۇس بىلەن ئار.

مال - دۇنيا، ھوقۇقنا تويارمىز قاچان؟
تەخت دەپ بەختنى قىلارمىز ۋەيران.
بىر پاسىق نىيىتى بۇزۇلسا ئەگەر،
مىڭلىغان ئاۋامنى قىلىدۇ سەرسان.

قاراخان ئېلىگە ئۇرۇش بىكېرەك،
ئۇرۇش ئۇ ئەكىلەر زاۋالدىن دېرەك.
بىلىكنىڭ بەھرىدە گۈللەيدۇ ۋەتەن،
نادانلار قاچانمۇ بولاركىن زېرەك؟

كېسلدى ئاتامنىڭ، ئانامنىڭ بېشى،
كېسلدى ئارسلان بوۋامنىڭ بېشى.
ئاھ! تۇمەن دەرياسى ئاقتى قان يۇتۇپ،
يامغۇردەك تۆكۈلدى پۇقرانىڭ يېشى.

چولپانئاي مەن ئۇچۇن قىلدىڭ جان پىدا،
يۈرىكىم زەردابتۇر، ئۇندا مۇڭ ـ نىدا.
كۆرۈشۈپ ئالارمىز باقىي ئالەمدە،
ئاسانلىق بەرگەيسەن ئەي ئۇلۇغ خۇدا.

يىغلايمەن دەردلىنىپ كۈچلۈك ۋارقىراپ،
ئەسەبىي ساراڭدەك سۆزلەپ جارقىراپ.
جاھاندا مەن كەبى غېرىب بارمىدۇ؟
يۇلتۇزۇم تۆكۈلگەن، يانماس پارقىراپ.

كۆزۈمگە شۇنچە سەت كۆرۈنەر قىلىچ،
مال - دۇنيا يولىغا ماڭمايمەن غېرىچ.
نادانلىق تۈگىسە خاقانىيەدە،
ھەممەيلەن ھاللىنىپ بولىدۇ تىنچ.

ئاھ! ئىنسان دېگەن ئۇ تويماس بىر بەندە،
تاغ كەبى ئالتۇنغا تويماس بەزىدە.
خانلارمۇ كېتىدۇ، دۇنيا قالىدۇ،
بىلىكلىك ئەر ئۆلمەس نامدا، ئەمەلدە.

ئارسلان خان بولسا تەختكە ئەگەر،
ئاۋاممۇ ئارسلان بولۇپ ئۆزگىرەر.
پاخپاق ئىت خان بولسا ئۇشبۇ تەختكە،
ئاۋاممۇ پاخپاق ئىت سىياقىقا كىرەر.

ئەي خاقان، تەختتىن تاپتىڭ نېمىنى؟
بىلمىدىم تەختنىڭ پىنھان سىرىنى.
ئالدىمغا يايساڭمۇ ئالتۇن پايانداز،
سالماسمەن تەختكە كۆزۈم قىرىنى.

بۇ جاھان چۇشمەيدۇ ئەسلا قىلىپقا،
بايغا كەڭ بولسىمۇ، تاردۇر غېرىبقا.
بولمىسا ئىنساندا بىلىك ۋە ئەخلاق،
ئۇ ئوخشاپ قالىدۇ روھسىي مېيىپقا.

ئاھ! روھىي مېيىپلىق ھەممىدىن يامان،
روھسىزلار بەئەينى توزۇغان سامان.
قەدىرسىز كەتكۈچە ئۇشبۇ جاھاندىن،
كامالى ئىنسان بوپ ياشايمەن ھامان.

مەن خاننىڭ ئەۋلادى، بولدۇم دىۋانە،
جاھاندا تىرىقتەك قالدىم يىگانە.
بوراندا يانتاقتەك ئۇچتۇم ھەر تامان،
قوغلىدى خان دېگەن ئاشۇ ميانە[28].

مەن شۇنداق بىچارە يۇرتقا مۇساپىر،
ئىقبالىم كۆز يېشىم ئىچىدە زاھىر.
ئىلىمنىڭ ئىشقىدا كېزەي مەغرىبنى،
دەردىمگە گۇۋاھ بول ئەي ئېگىز پامىر.



## ھايات يولى ــ ئىلىمنىڭ يولى

ھاياتنىڭ يولىدۇر ئىلىمنىڭ يولى،
ئۇ بىرلە چاقنايدۇ بەختنىڭ نۇرى.
غادايغان چوڭ دەرەخ كەلمەيدۇ كارغا،
ئىچىدە سولىشىپ تۇرغاچقا پورى.

نەقەدەر ئازابلىق يۇرتتىن ئايرىلىش،
شاخ تۇرۇپ دەرەختىن سۇنۇپ قايرىلىش.
ئۆزگىنىڭ ئېلىدە ھەسەل يېسەڭمۇ،
تۇيۇلار زاغرىنى يېگەندەك بىر ئىش.

مۇساپىر بولماققا ئەمدى نە ئىلاج،
تەقدىرىم ئاشۇنداق تۇرسا قارا، كاج.
بىر چىمدىم توپاڭنى ئالغاچلا كېتەي،
ھەر نەپەس ئۇنىڭغا مەن ئاشىق، موھتاج.

قەلبىمگە نۇر بەرگەن ئازاق ھەم ئوپال،
چاقنايسەن كۆزۈمگە قۇياشتەك ۋال - ۋال.
چەۋگەنچى، چېلىشچى يىگىتلەر بەردەم،
قىزلىرىڭ پەرىشتە چاچلىرى تال - تال.

ھېيتگاھ رەستىسى گويا تۇتىيا،
كىشنى جەننەتتەك قىلار مەھلىيا.
نەلەردە يۈرگەندۇ قەدىرلىك ئۇستاز،
ئۇ خۇددى يۇلتۇزدەك چاچاتتى زىيا.

ئاھ، ئەجەب سېغىندىم بوۋام - مومامنى،
چۈشۈمدە كۆرىمەن ئاتا - ئانامنى.
چولپانئاي كېلىدۇ پەرىشتە بولۇپ،
ساقايتىپ ئالىدۇ كۆڭۈل يارامنى.

ئوغلۇڭنى كەچۈرگىن مۇقەددەس تۇپراق،
ئايرىلغۇم يوق ئىدى سېنىڭدىن، يىراق......
شۇ «هاي ـ هاي تېرەك» ھەم «نورۇز بۇلاق» قا،
بۇ كۆڭلۈم بەك يېقىن، ئارىلىق يىراق.

* * *

ئەنجاننىڭ يولىدا كونا يارىيار،
ئۆتەڭدە مۇڭ باسقان كەپە بورىيا.
ياش مەھمۇد كاشغەرىي چاپتۇرۇپ ئاتنى،
قوقەندتىن يول ئېلىپ ئاشتى تاغ ـ قىيا.

بۇخارا ئىلىمنىڭ قەدىم ئوچىقى،
بال بەردى مەھمۇدقا ئۇنىڭ قۇچىقى.
كۆردى ئۇ مىڭلىغان دەستۇر ـ يازمىنى،
دىللارنى يورۇتتى ئىلىم يورۇقى.

ھېكمەتنى ئۆگەتتى قارلۇق مەۋلانە،
ئۇل مەھمۇد ئىلىمگە كۆيگەن پەرۋانە.
ئۇ ئۇستاز ئەجرىنى قويماستىن يەردە،
شاگىرتلار ئىچىدە بولدى نەمۇنە.

دەرەخلەر نەچچە رەت تاشلىدى چېچەك،
ياسىنىپ گۈلباغلار تاقىدى بېزەك.
مېۋىسى قانچە بەك ئۇخشىغان كۆچەت،
كىشىنىڭ رايىنى تارتىدۇ تېزرەك.

ئىلىك خان[29] ئوردىغا چاقىرىپ ئۇنى،
كىيدۈردى ئەمەلنىڭ زەرباب تونىنى.
ئۇل مەھمۇد ئېيتتىلەر: «كەچۈرگەيلا خان،
تۇتقانمەن مەڭگۈگە ئىلىم يولىنى.»

ئىلىك خان ئېيتتىلەر: «قىلاي تويۇڭنى،
ئالتۇن ھەم كۈمۈشكە ئوراي بويۇڭنى.
ئىلمگە ئاشىق بوپ ئۆتەمسەن شۇنداق،
تاشلىغىن سەن ئەمدى جاھىل خۇيۇڭنى.

مەرىپەت ئىشقىدا بولۇپسەن سارالڭ،
يوق ئىكەن خوتۇنۇڭ ۋەياكى بالاڭ.
كۆرمىدىم بۇ ئەلدە سەندەك يىگىتنى،
نازىنىن قىزلارغا راست يوقمۇ چولاڭ؟

سەن مەھمۇد كاشغەريي ئىكەنسەن ئەسلىي،
بىلىمەن سەن دېگەن بۇغراخان نەسلى.
ئۆتمىگىن جېنىڭنى قىيناپ بۇنچىلىك،
تەلىپىڭ بولسا ئېيت، ئىختىيار مەيلى.»

ئول مەھمۇد ئېيتتىلەر: «ئۇلۇغ ئىلىك خان،
ئىلىم ھەر ئىنسانغا گويا قان ۋە جان.
ئالىمى بولمىسا ئەگەر ئالەمنىڭ،
تەتۈرگە چۆرگۈلەپ ماڭىدۇ زامان.

ئالىم ئۇ دەۋرانىنىڭ باشچى ــ سەركىسى،
ئۇ گويا دۇنيانىڭ كۆركى - ئەركىسى.
ئالىملار ياشايدۇ دەۋردىن ئۇزاق،
راھەتسىز ئۆتىدۇ ئۇنىڭ ھەممىسى.

بىلىملىك قۇت تاپار، بىلىمسىز توزار،
بىلىملىك يېگىدۇ، بىلىمسىز سۇنار.
گەر ئالىم بولساڭ سەن ئالەم سېنىڭكى،
بىلىملىك تۈزەيدۇ، بىلىمسىز بۇزار.

ئىجازەت بەرگەيلا ئەزىز، مۆھتەرەم،
بىلىمىم مول ئەمەس، يەنە شۇنچە كەم.
مەن يەنە يول ئالاي يىراق باغدادقا،
ئۇ جايغا ئالىملار بولغان مۇجەسسەم.»

ئىلىك خان مەھمۇدتىن شۇنچە سۆيۈندى،
ياش ئالىم كۆزىگە يۇلتۇز كۆرۈندى.
ھاياجان تەپتىدە تىترەپ ۋۇجۇدى،
مەھمۇدنى قۇچاقلاپ يېشى تۆكۈلدى.

سەمەرقەنت ئۆزگىچە گۈزەل ئاستانە،
قىلىدۇ كىشىنى مەپتۇن - مەستانە.
مەھمۇدنى ئۆز بىلىپ جىمى جامائەت،
تۆرلەرگە باشلىدى بولۇپ دوستانە.

ئۇ ھەسەل ھەرىدەك تاپمىدى تىنىم،
ھىراتتا ئەل-يۇرتنى كەزدى كۆپ قېتىم.
ئاشۇنداق رەۋىشتە ئۆتتى ئاي-كۈنلەر،
ئارزۇسى بارغانچە بولدى زور ئېقىم.

كارۋانغا ئۇزۇن يول ئۇزۇن بىلىنمەس،
كۆرۈنگەن تاغلارمۇ بەك يىراق ئەمەس.
ئۇ ئەمدى يول ئالدى نىشاپور تامان،
ھېكمەتلەر شارابى قىلىپ مەست-ئەلەس.

تۈركىي تىل قېلىشماس ئەرەب تىلىدىن،
مۇستەسنا ئەمەستۇر تېخى بەيگىدىن.
مەن تۈزەي «تۈركىي تىل دىۋان» لۇغىتى،
جىمى ئەل نەپ ئالسۇن ئۇنىڭ بەھرىدىن.

بىزلەرمۇ دۇنيادا زور قوۋم بۈيۈك،
مەرىپەت بېغىدا ياڭراتقان گۈدۈك.
زېرەكلىك، باتۇرلۇق بابىدا مەشھۇر،
قەلبى ساپ، ئاسماندەك كەڭرى ھەم سۈزۈك.

بۇ ئىستەك مەھمۇدنى كەلدى يېتەكلەپ،
بۇ ئىستەك رەڭلەندى كۈندە چېچەكلەپ.
ئانا تىل نەقەدەر پاساھەتلىك تىل،
قەدرىنى بىلگەنگە ئالتۇندۇر ئۇ زەپ.

## باغدادتا پۈتۈلگەن شاھانە «دىۋان»

ئەل - يۇرتنى ئارىلاپ ئۆتتى ئوتتۇز يىل،
جىسمىدىن يوقالدى نەۋقىران پەسىل.
ئۇ خىزىر بوۋايغا ئايلاندى تامام،
ئۇ گويا بوغدىنىڭ تېغىغا تەمسىل.

تاۋلاندى زىمىستان قىشتا، كۆلپەتتە،
يېتىلدى كامالى ئىنسان سۈپەتتە.
ھەر سۆزى گويا بال، قىلىقى ھەم ئۈز،
كۆمۈلدى ساناقسىز سالام - ھۆرمەتكە.

مەھمۇدنىڭ قەدىمى يەتتى باغدادقا،
ئېرىشتى «پىر - ئۇستاز» دېگەن ئاتاققا.
ئالىملار جەملەندى ئەتراپىغا كەڭ،
كېپىنەك - پەرۋانە بولدى گۈلباغقا.

ئىلىمنىڭ دېڭىزى چوڭقۇر، بىپايان،
غەۋۋاستەك مەردانە ئۈزدى ھەر زامان.
روياپقا چىقارماق ئۈچۈن «دىۋان»نى،
كاراپتەك دولقۇنلار ياردى ئۇ ھامان.

ئانا تىل ھۆرمىتى ئۇلۇغ نەقەدەر،
ئانا تىل قىممىتى ئالەم كەبى زەر.
ئانا تىل شەۋكەتلىك، پاساھەتلىك تىل،
ئانا تىل ئىپتىخار، غۇرۇر ۋە ئەختەر.

مەھمۇدنىڭ ئالدىغا ئالەم يېيىلدى،
يۇلتۇزلار ئۆچرەتتە رەت ـ رەت تىزىلدى.
تەپەككۇر كۆكىدە ئۇچتى روھ قۇشى،
ئىجادنىڭ ئىشىكى يوغان ئېچىلدى.

بىر ئەسەر پۈتىدۇ قان بىلەن ياشتا،
بەزىدە تۈگمەنلەر چۆرگۈلەر باشتا.
مېڭىنى خورىتار قەغەز ۋە قەلەم،
ھاياتنىڭ قىممىتى تۆھپە قوشۇشتا.

توپلاندى شېئىرلەر، ناخشا - قوشاقلار،
پارچىلار، تەمسىللەر، يۇرتلار، بۇلاقلار.
يېزىلدى ھەتتاكى يۇلتۇز ناملىرى،
قەدىمىي قوۋملار، جەمەت - ئۇرۇقلار.

مەشرىقتىن مەغرىبكە تىكىلدى كۆزى،
ئوپالنى يۇرتۇم دەپ ئاتىدى ئۆزى.
ئۇ گويا تارىخچى، جۇغراپىيەچى،
مەنىگە شۇنچە باي ئۇنىڭ ھەر سۆزى.

ئۇ سىزغان يەر شارى ئىدى دۈگىلەك،
ئۇ سىزدى ھەتتاكى ياپوننى بۆلەك.
ئىككى يىل قەلەمدىن تۆكۈلۈپ دۇرلار،
«دىۋان»مۇ پۈتۈلدى، يايرىدى يۈرەك.

خەلىپە[30] «دىۋان»نى ئېلىپ قولىغا،
تون يايتى شۇ ھامان مەھمۇد بويىغا.
— ئۆمرۈمدە تېپىلماس بۇنچىلىك بايلىق،
— مۇبارەك ئەجرىڭگە، ئۇيغۇر روھىغا.

ئول باغداد شادلىنىپ چۆمدى زەپەرگە،
زور ھەيۋەت ئاتىدى پارس، ئەرەبكە.
كاشغەر ئوغلانى يېتۈك ئالىمنىڭ،
شەرىپى پۇر كەتتى تەرەپ - تەرەپكە.

سالجۇقىي سۇلتانى[31] زېرەك ۋە يارام،
ئوردىدا مەھمۇدقا ئەيلىدى سالام.
تەبرىكلەپ «دىۋان»نى تۈزدى ئەنجۇمەن،
ھۆرمەتتە ئۇنىڭغا بەردى ئالتۇن جام.

ئۇ دېدى: «ئەي ئالىم، بىزلەر جانىجان،
مەن ئوغۇز، سەن ئۇيغۇر، ئوخشاشتۇر ھامان.
ساتامسەن ‹دىۋان› نى پاتمان ئالتۇنغا،
ئوردىنى مەن ساڭا قىلايمۇ ئىنئام؟

گەرچە مەن بولساممۇ بۈيۈك بىر خاقان،
قۇچمىدىم تېخىچە سەندەك شەرەپ - شان.»
ئۇل مەھمۇد ئېيتتىلەر: «ئۇشبۇ ‹دىۋان› نى
پۇل ئۈچۈن يازمىدىم ئۇلۇغ پاسىبان.

تۈركىيلەر باشقۇرغاچ ئەرەب ئېلىنى،
ئەرەبلەر ئۆگەنسۇن تۈركىي تىلىنى.
مەن شۇڭا «دىۋان» نى يازدىم ئەرەبچە،
بىلسۇن دەپ قوۋمىمنىڭ ھېكمەت ـ سىرىنى.»

سالجۇقىي سۇلتانى دېدى: «ئەي مەھمۇد،
مۇبارەك ئەجرىڭگە، بولسۇن ساڭا قۇت.
قوۋمىنى دۇنياغا قىلدىڭ نامايان،
تاغ كەبى قەددىمنى تۇسالماس بۇلۇت.»

خەتتاتلار «دىۋان»غا بېقىپ ھەۋەستە،
پاتمانلاپ كۆچۈرۈپ چىقتى بەس ـ بەستە.
ئالىملار ھەر جايدىن كېلىپ باغدادقا،
مەھمۇدنى قۇچاقلاپ تۇتتى گۈلدەستە.

پەخىرلىك ھېسلاردا تۆكۈلدى يېشى،
ئاسماننىڭ قەرىگە تاقاشتى بېشى.
قانداقمۇ شادلانماي تۇرالايدۇ جىم،
ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەندە كىشى.

ئول مەشھۇر بىر ئالىم، مىللىتى ئۇيغۇر،
قەلبىدە ئالەمچە ۋىجدان ھەم غۇرۇر.
قاراخان دەۋرىدىن ئۇشبۇ دەۋرگە،
يەتكۈزدى ئاجايىپ قىممەتلىك ئۇچۇر.

ئول «دىۋان» خاس سۆزلەم لۇغەت ئەمەستۇر،
ئول «دىۋان» خەزىنە، بىباھا دەستۇر.
ئىزدىسەم جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى،
«دىۋان»دەك قامۇسنى تاپماق بەك تەستۇر.

ئول «دىۋان» ــ تۈركىي تىل تۇنجى لۇغىتى،
ئول «دىۋان» ــ تۈركىي تىل شانى ـ سۆلكىتى.
ئول «دىۋان» ــ مەڭگۈلۈك شاھانە ئەسەر،
ئول «دىۋان» ــ دۇنيانىڭ مىراس ـ ھېكمىتى.

ئول مەھمۇد ــ دۇنيادا تۇنجى تىلشۇناس،
ئول مەھمۇد ــ دۇنيادا چوڭ بىلىكشۇناس.
ئول مەھمۇد ــ ئىنساننىڭ شانى ـ گۈل تاجى،
مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ داغ ـ غۇبار قونماس.



# ئاھ ۋەتەن

«جەننەتۇل مەئۋا» نىڭ ئۆزىدۇر شەرق،
ئۇندا بار تاغ سۈپەت ئەزىمەت خەلق.
ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈش ئاسىي ـ گۇناھلىق،
مەن ئۇنى مەڭگۈگە ئەتمەيمەن تەرك.

ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلەر مۇساپىر،
ۋەتەنسىز كىشىنىڭ بەختى قارا، كىر.
ۋەتەننى سۆيمىگەن چىن ئوغلان ئەمەس،
ۋەتەن دەپ ياشىغان بولار باھادىر.

ئاھ ۋەتەن، سەن شۇنچە ئۇلۇغ، مۇقەددەس،
نامىڭنى زىكرى قىلىپ ئۆتتۈم ھەر نەپەس.
جەننەتتەك سىيمايىڭ ئۇچتى كۆزۈمدىن،
زارىقىش ئىچىدە بولدۇم مەست ـ ئەلەس.

ھىجراننىڭ دەردىنى تارتتىممەن ئۇزاق.
يۈرەكتىن دۇت بولۇپ ئۆرلىدى پىراق.
پاك قەلبىم يەنىلا قالدى ۋەتەندە،
مەنزىللەر بولسىمۇ شۇنچىلىك يىراق.

توغراقنىڭ غازىڭى چۈشەر تۈۋىگە،
تامچە سۇ قوشۇلار دەريا سۈيىگە.
ئاتمۇ ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
قۇشلارمۇ قايتىشار چاڭگا-ئۆيىگە.

ئەي ۋەتەن، تۇپاڭنى كۆزۈمگە سۈرەي،
گۈلىستان بېغىڭدا بۇلبۇلدەك كۈلەي.
يات ئەلنىڭ دىيارى ماڭا بىھاجەت،
ئۆلسەممۇ ۋەتەننىڭ باغرىدا ئۆلەي.

مەن ئۆتەي ئەجدادىم ھىدىنى پۇراپ،
قەدىمىي ئىزلاردىن تەزكىرە سوراپ.
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە تېرىپ گۈلچىمەن،
ۋەتەننىڭ باغرىنى ياتاي قۇچاقلاپ.

مەھمۇدقا ئىلتىپات كۆرسەتتى خاقان،
ئۇ دېدى: «كەتمىسلە كاشغەرىي تامان.
باغدادتا ھەممە تەل، مەن ئاگا قاياش،
كۆنلىرى قۇت ئىچرە ئۆتىدۇ ئامان.»

ئول تۆركەن خاتۇن[32] مۇ دېدى: «ئەي ھەزرەت،
ۋەتەن دەپ چەكمىسلە بۇنچە كۆپ ھەسرەت.»
ئول مەھمۇد ئېيتتىلەر: «كەتكىنىم كەتكەن،
شاپائەت ئەھلىگە سالام ۋە رەھمەت.

ۋەتەننى سۆيمىگەن بولالماس دانا،
ۋەتەن ئۇ ئىنسانغا ئەڭ ئۇلۇغ ئانا.
ھېچ ئۇنتۇپ كەتمىگەن مېنى تېخىچە،
مەشرىققە سوزۇلغان كەگرى تاغ ـ دالا.

تونۇيدۇ ھېلىھەم «ھاي ـ ھاي تېرىكىم»،
تونۇيدۇ مېھرىبان خەلقىم، چېچىكىم.
ھەتتا سېغىزخان: «قېنى مەھمۇد» دەپ،
قىلغانمىش ئۇپالدا ئىز ۋە دېرىكىم.

مەن يارنى تۇتمىدىم ئىلىمدىن بۆلەك،
ۋەتەندۇر باشپاناھ، ۋەتەندۇر يۆلەك.
غېرىبلىق روھىمنى باستى بولۇتتەك،
ۋەتەن دەپ قانىدى مانا بۇ يۈرەك.»

پۇل ـ پۈچەك، نام ـ ئەمەل قالدى يىراقتا،
ئۇزاتتى كەڭ ئاۋام باغداد، ھىراتتا.
بۇخارا مەۋلانى چىقىپ ئالدىغا،
«خەير ـ خوش مەھمۇدىل» دېدى پىراقتا.

ئۇچقاندەك بىلىندى مەھمۇدقا كارۋان،
باھاردەك بىلىندى مۇزلۇق تاغ ـ داۋان.
توۋلىدى «ۋەتەن» دەپ پامىر تېغىدا،
شۇ ئەكس سادادىن تىترىدى جاھان.

شوخ شامال ئۇچتى زەپ ئەركىلەپ غۇر ـ غۇر،
كارۋاننىڭ ئۈستىدە قۇش توپى پۇر ـ پۇر.
ـــ ئاھ ۋەتەن، قۇچاق ئاچ، قاناي مېھرىڭگە،
مەھمۇدنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلدى يامغۇر.

ئەزىزلەر دىيارى كاشغەرىي ماكان،
ئىدىقۇت، چىن ـ ماچىن، كۈسەن، كىروران.
مەن سۈرەي باغرىڭدا جەننەت ھۇزۇرى،
ھىدىڭنى پۇرىسام يۈرىكىم گۈلخان.

قۇچاقنى كەڭ ئاچتى ۋەتەن تۇپرىقى،
ئىپاردەك تۇيۇلدى ھەر يۇرت پۇرىقى.
قەدىمي ھېيتگاھنىڭ سەينالىرىدا،
تويۇندى چاڭقىغان روھىي ئوزۇقى.

كەزدى كەڭ دالىنى، ئارتۇچ، ئوپالنى،
يوقلىدى قەبرىنى، ئۇستازنى، چالنى.
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە نېمە قىلاي دەپ،
بىرھازا ئۆزىگە قويدى سوئالنى.

ياش بوغۇن ئەۋلادىم بولسۇن ئاقىلدار،
مەن سالاي مەدرىسە، ئۆتمىسۇن خار-زار.
بۇ ئەلدە ئىناقلىق مەڭگۈ تاڭ ئاتسۇن،
كۆڭۈلدىن-كۆڭۈلگە كۆچسۇن نەۋباھار.

«مەھمۇدىيە مەدرىسى» قەد كەردى ئاخىر،
ئەجرىدە مىڭلىغان بوغۇنلار زاھىر.
ئۆگۈتلەر يورۇتۇپ قاراڭغۇ دىلنى،
يېتىلدى شاھ، سانغۇن، ئەمچى ۋە شائىر.

ئۇل مەھمۇد ئاتالدى «ھەزرىتى موللام»[33]،
ئەردەمى ھەم ئىلمى دىلنى ئەتتى رام.
ئەل ئۇنى ئوخشاتسا «نورۇز بۇلاق»قا،
ئۆزىنى ئوخشاتتى چاڭقىغان بىر جام.

بىر چاغدا مەھمۇدنىڭ كۆزى يۇمۇلدى،
يىغلىدى تەبىئەت، يامغۇر قۇيۇلدى.
«مەھمۇد كاشغەرىي» دېگەن ئۇلۇغ نام،
مىڭلىغان قەلبكە مەڭگۈ ئويۇلدى.



# مىڭ يىلدىن كېيىن

تارىخنىڭ چاقىدا بېسىلدى مىڭ يىل،
كۆلدى ۋە يىغلىدى سان ـساناقسىز دىل.
كەلدى ھېچ يوقالماي ئۇشبۇ ئالەمدە،
شۆھرەتلىك ئۇيغۇرۇم ھەمدە ئانا تىل.

قارايمەن ئۇپۇققا، بۇلۇت قىزارغان،
بەھەيۋەت تاغلارنىڭ چېچى ئاقارغان.
بەزىدە دەريا ھەم دېڭىزلار قۇرۇپ،
يىراق بىر ئۆتمۈشتىن خاتىرە قالغان.

پارقىرار تارىمدا ئالتۇن رەڭ ئېگىز،
ئۆچمەيدۇ ئەجدادلار باسقان قەدىم ئىز.
كېلىدۇ كارۋاندەك نەرىلەر تارتىپ،
تەڭرىتاغ سۈپەتلىك باتۇر ئوغۇل ـ قىز.

ئوپالغا تاۋاپقا كەلدى نەۋرىلەر،
مەھمۇدنى ئەۋلىيا بىلدى چەۋرىلەر.
شۇ «ھاي - ھاي تېرەك»تە ھەر نورۇز پەسلى،
مەھمۇدنى ياد ئەتتى جىمى بەندىلەر.

زىيائىي[34] ۋە شەۋقى[35] قوچۇپ ھېكمەت - سىر،
مەھمۇدنى مەدھىيلەپ يازدى بىر شېئىر.
موللا سادىق شاھ[36] ۋەخپىنامىدە،
مەھمۇدقا ياغدۇردى ھۆرمەت ۋە مېھىر.

«دىۋان»غا بېرىلىپ ئاكا - ئۇكا[37] لار،
ئۇيغۇرنىڭ تىلىدا تىزدى بەت - قۇرلار.
ئانا تىل شۇنچە بەك پاساھەتلىك تىل،
تۆكۈلدى «دىۋان»دىن ئالتۇن ۋە دۇرلار.

يەشمىنى ئىشلىدى ئۇيغۇر سايرانى[38]،
ئۆتسىمۇ تۇرمۇشى قىيىن، ۋەيرانى.
يىللارنىڭ بورىنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
قەغەزلەر چېچىلىپ كەتتى ھەريانى.

يېڭى بىر تاڭ ئاتتى، كۆلدى نەۋباھار،
ياشىندى رەڭلىنىپ بۇ ئانا دىيار.
تىرىلدى مەھمۇدنىڭ روھى قايتىدىن،
ئەۋلادلار قەبرىگە چاچتى گۈل-ئېپار.

قازى ئاخۇن[39] تاپشۇردى ۋەخپىنامىنى،
ئالىملار كۆتۈردى شادلىق جامىنى.
ئەزەلدىن ئىلىمگە ھېرىسمەن خەلقىم،
تاراتتى دۇنياغا مەھمۇد نامىنى.

چىقسىمۇ تارىختا بوران كۈچىيىپ،
كەتمىدى «دىۋان»نى ئەسلا ئۇچۇرۇپ.
ئۆڭمىدى «دىۋان»نىڭ ئالتۇن ۋارىقى،
قەلەمدار توختىماي كەلدى كۆچۈرۈپ.

«دىۋان»نىڭ تەرىپى ئاڭا بىلىندى،
ئەرەب ھەم پارستا تىلغا ئېلىندى.
ئىستانبۇلدىكى كىتابپۇرۇشتىن،
ئول «دىۋان» تېپىلدى، گۆھەر تېپىلدى.

رەھبەرلەر زور كۆڭۈل بۆلدى «دىۋان»غا،
ئالىم[40]نى جەملىدى ئەتراپقا ـ يانغا.
«كىتابلار شاھى» بوپ پۈتۈلدى «دىۋان»،
تەگرىتاغ چۆمۈلدى شەرەپ ۋە شانغا.

ئۇل «دىۋان» ھەر تىلدا چىقتى بېسىلىپ،
قۇياشنىڭ نۇرىدەك باردى يېيىلىپ.
جىمى ئەل «دىۋان»نى تەھسىل ئەيلىدى،
ئوتلۇق بىر ھەۋەستە قايناپ، بېرىلىپ.

ئالىملار ئوپالغا كەلدى غول - غولداپ،
مەھمۇدنى، «دىۋان»نى شۇنچە ئۇلۇغلاپ.
بېيجىڭ، ئىستانبۇل، ماناس، نيۇيورك،
ئۇيغۇرنىڭ ئوغلىنى ئۆتتى قۇتلۇقلاپ.

ياشاردى رەڭلىنىپ مەھمۇدنىڭ روھى،
«دىۋان»دىن چاقنىدى بىلىمنىڭ نۇرى.
دەستۇرىي قامۇس بوپ تىزىلدى «دىۋان»،
كىتابلار تۆرىدە شاھەنشاھ ئورنى.

گەر كىرسەڭ «دىۋان»غا تاپسەن ئەقىل،
ئالتۇندەك سۆزلەردىن ئالىسەن نەقىل.
«دىۋان»نىڭ شۆھرىتى ئالەم بىلەن تەڭ،
گۆھەرمۇ ئۇنىڭغا بولالماس تەمسىل.

يەر شارى ئۆتكۈزدى مەھمۇد يىلىنى،
شان - شەرەپ قاپلىدى ۋەتەن - ئېلىنى.
مەھمۇدتىن روھلىنىپ قەددىنى رۇسلاپ،
ھەر ئۇيغۇر شادلىقتىن تۆكتى يېشىنى.

«پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى»[41]،
بەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد قوۋمى.
ئىز بېسىپ كەلمەكتە ئەۋلادلار ئەنە،
يېپيېڭى تاغلارغا ئۇلاپ ئەتىنى.

قەدىمكى مەرىپەت بۆشۈكى يۇرتۇم،
ئەجدادتىن روھ ئالغان مىجەزىم - خۇيۇم.
چاراقلاپ يانىدۇ مەھمۇدنىڭ روھى،
ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش بىزلەرگە ئۇدۇم.



# «دۇتار» ھېكمىتى

قولۇمدا ئول «دۇتار» شۇنچە نۇرانە،
مەن ئۇنىڭ ئۈتىدا بولدۇم پەرۋانە.
گويىاكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان ھەر بېتى،
ئۇندىكى ھېكمەتكە بولدۇم ھەيرانە.

تارىخ ئۇ بىر كەچمىش ئۇپرىمايدىغان،
قۇم - بوران چىقسىمۇ يوقالمايدىغان.
ئول «دۇتار» گويا زەر، قۇمغا پاتسىمۇ،
ھامىنى پارلىنىپ داغ قونمايدىغان.

ئول «دۇتار» سۆزلەيدۇ يىراق ئۆتمۈشنى،
قوۋمىنىڭ يىلتىزى ھەمدە كۆچ - كۆچنى.
ئۇندا بار تەزكىرە، يەر نام ۋە تارىخ،
زاھىرەن ئەيلىگەن سېھىرلىك كۈچنى.

ئاھ، ئەنە تاشكېمىر، چېدىر، ساتمىلار،
نەقىشكە ئورالغان ئايۋان ـ سارايلار.
ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرگەن،
ئۇيغۇر، چىگىل ھەم ئوغۇز، ياغمىلار.

كېسەكنى پىشۇرۇپ تۇر، سېپىل سالغان،
تۆمۈردىن سەنئەتلىك بۇيۇم تاۋلىغان.
كۇلالچى ئۇستىنىڭ نەقىشلىرىدە،
نەۋباھار سىماسى ئەينەن چاقنىغان.

شەھەرلەشكەن ئۇيغۇرنىڭ يۇرت ـ ئايمىقى،
تامغا ھەم يېزىقتا بولغان يارلىقى.
پەۋەستۇر ئېكىنزار دانغا، مېۋىگە،
شۇنچە مول نان، پىشرۇق، سۈت ۋە قايمىقى.

چالدۇ باربىتنى يايلاقتا چوپان،
ئۇۋچىلار گوياكى دەھشەتلىك بوران.
يۇرۇڭقاش بويىدا ساڭرام ۋە راھىب،
شىمالدا پىر ئوينار شامان ۋە قامان.

ئەنە، كاسىپ - ھۈنەرۋەن، ساتراش ھەم باققال،
يىراق چىن دۇردۇنى چاقنايدۇ ۋال - ۋال.
تون، ئۆتۈك، بۆك - مالخاي، جۇۋا، پەرىجە،
ئاۋامغا ياراشقان، ئىسىل، بىمالال.

تونلارغا، ئىشتانغا دەزمال سېلىنغان،
پەرىجە پېشىگە جىيەك ئېلىنغان.
چوپاننىڭ قولىدا پەلەي ۋە لۆڭگە،
كىيىملەر رەڭگارەڭ بوياپ ئېتىلگەن.

ئاياللار بېزەنگەن قىزىلنى كىيىپ،
قىزلار «ياراي» دەپ يېشىلنى كىيىپ.
سالام ھەم سەھەتتە شۇنچە مۇلايىم،
ئوڭ قولى كۆكسىدە، تۇرار ئېگىلىپ.

كېلىنىنىڭ قولىدا چاقنايدۇ ئۈزۈك،
ئاسمان ھالقىسى نۇرلۇق ھەم سۈزۈك.
گىرىملىك يۈزىنى ياپقان رومالى،
قول ياغلىقىدۇر گويا بىر گۈللۈك.

ئاق ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرار كېلىن،
يىگىتمۇ شوخ ئاتتا ئولتۇرار يېقىن.
ئات دېگەن ئول تۈركىي قوۋم قاناتى،
تۆكۈندە ئات مىنىش ئادەتتۇر، بىلگىن.

«قىز بىلەن چېلىشما» دېگەن «دىۋان»دا،
چېلىشىشنىڭ يىقىلىپ قالما ناگاندا.
قىزلارنىڭ بەزىسى شۇنچە كۈچتۈڭگۈر،
يىقىلساڭ قالىسەن ئەلەم ـ ئىزادا.

ئول «دىۋان» سۆزلەيدۇ جۇغراپىيەنى،
شۇ تۈركىي قوۋملار ياشىغان يەرنى.
ئۇرۇق ـ ئايماق ھەم جەمەت، قەبىلە،
يەتكۈزەر كىشىگە قەدىم خەۋەرنى.

ئەقىلنى لال قىلار دۈگىلەك خەرىتە،
ئۇ تۇنجى خەرىتە، بۈيۈك تەزكىرە.
كەڭ دۇنيا ئۇنىڭدا بولغان نامايان،
تارىخنى ئەسلىتەر ھەربىر مەنزىرە.

ناخشا ـ قوشاقلار، بېيىت ـ تەمسىللەر،
كىلاسسىك يازمىلار، شېئىر ـ نەزمىلەر؛
قەلبىمگە ئورنىغان دەريادۇر گويا،
ئۇندا بار شارقىن ۋە دولقۇن ـ قەترىلەر.

مەن تاپتىم «دىۋان»دىن يۇلتۇزلىرىمنى،
ھەر تۈپ كوكات ھەم يالپۇزلىرىمنى.
ئۇ ئېيتىپ بېرىدۇ قۇشلارنى بىر ـ بىر،
شىر، يولۋاس، مارال ۋە تايچاقلىرىمنى.

نەقەدەر ئۆتكۈر ـ ھە مەھمۇد قەلىمى،
ئۇ بىلگەن ھەممىنىڭ ئەلمى ـ تەلىمىنى.
ئاجايىپ پاساھەت، ئاجايىپ نۇجۇم،
ئۇن ئىككى مۈچەللىك تۆرك تەقۋىمى.

چاقنايدۇ «دىۋان»دىن يۇلتۇز، سەييارە،
مەن كەزدىم بوشلۇقنى بولۇپ مىڭ پارە.
بىلمەك بولسا كىم ئاسمان جىسمىنى،
«دىۋان»دا ھەممىسى زاھىر، ئاشكارە.

ئەجدادىم ياراتقان بۈيۈك مەرىپەت،
دۇنياغا گۈل چەككەن ھۈنەر ۋە سەنئەت.
مىراسلار چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك چەكسىز،
قەلبىمدە دولقۇنلار ئىپتىخار ھەيۋەت.

پەخىرلىك تۇيغۇلار ئۇيغىتىپ روھنى،
دىللارنىڭ غارىغا سىپىدۇ نۇرنى.
ئاداشقان كىشىگە نىشان ـ بەلگىدەك،
كۆرسىتىپ بېرىدۇ غايىۋى يولنى.

مەن كىمدۇر؟ «دىۋان»دا ھەممىسى ئايان،
يىلتىزىم، كەچمىشىم ئەيلەنگەن بايان.
ئول «دىۋان» گوياكى قۇرۇماس بۇلاق،
مەن چۆلدە چاڭقىغان توختىماس كارۋان.

ئول «دىۋان» — تىلچىدۇر، لۇغەت ھەم سۆزلەم،
ئول «دىۋان» — ئوكيانۇس، ئۇندا ھەممە جەم.
ئول «دىۋان» — زور قامۇس، تىلسىم ئاچقۇچى،
ئول «دىۋان» — خەزىنە، ئەمەس بىرى كەم.

ئول «دىۋان» — كەڭ تۈركىي ئەلنىڭ ئۆزىدۇر،
ئول «دىۋان» — دىيالېكت، شىۋە سۆزىدۇر.
ئول «دىۋان» — بىلىمنىڭ كۆزنەك - كۆزىدۇر،
ئول «دىۋان» — ئۇيغۇرنىڭ تاجى، يۈزىدۇر.

ئۇل مەھمۇد ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇر، شەرىپى،
سۆزلىسەم تۈگىمەس «دىۋان» تەرىپى.
مەن ئۈچۈن ئەبەدىي زور بىلىم، بايلىق،
«دىۋان»نىڭ ھەر سۆزى، ھەربىر ھەرىپى.



## مەھمۇد بوۋامنىڭ خىتابى

ئەي ئوغلۇم، نەسىھەت، ئاڭا قۇلاق سال،
ھەر نەپەس تىرىشىپ بىلىم، ئۆگۈت ئال.
پۇل - ھوقۇق ھەممىگە قادىر ئەمەستۇر،
بىلىمدە نۇرلىنار گۈزەل ئىستىقبال.

ئىلىم ئۇ دۇنيانىڭ ھاياتى، قېنى،
ئىلىم ئۇ مىللەتنىڭ تەقدىرى، جېنى.
بىلىمسىز دۇنيادىن كېتەر تاشلىنىپ،
ئۇ ۋەيران قىلىدۇ ئۆزى، ھەممىنى.

بىلىمسىز داۋاننىڭ كەينىدە قالار،
بىلىملىك تۈندىمۇ يولىنى تاپار.
ئىككىسى بىر جايغا تىكسە جۈپ كۆچەت،
بىرىدە مېۋە يوق، بىرىدە ئانار.

بولسا گەر ئىنساندا غايە، چىن نىيەت،
ئىخلاس قىپ تۆكۈلسە ئەجىر ۋە مېھنەت؛
بىر ئۆمۈر چوغلانغان شېرىن ئارزۇلار،
ئاخىرى رويابقا چىقىدۇ پەقەت.

ئەي ئىنسان، ئۆزۈڭنى ئاجىزمەن دېمە،
ئەقلىم يوق مېنىڭ دەپ غەملەرنى يېمە.
ئىنساننىڭ روھى بەك چەكسىز، قۇدرەتلىك،
ئاھ، ئۇنىڭ ئالدىدا تاغلار ھېچنېمە.

پۇل ـ مالغا كۆيگەندەك ئىلىمگە كۆيگىن،
گۈللەرنى سۆيگەندەك ئىلىمنى سۆيگىن.
دەردلىنىپ ساراڭدەك يۈرگەندىن كۆرە،
ئىلىمنىڭ ئىشقىدا ئوتك بولۇپ كۆلگىن.

ئەقىلگە جەملەنسە ئەخلاق - پەزىلەت،
ياغىدۇ ئىنسانغا شۇنچە بەرىكەت.
دۇنيادا چىن ئىنسان بولۇپ ئۆتكەنلەر،
سانىلار ھەقىقىي ئوغلان، ئەزىمەت.

ئاسمانغا تاقاشماس قومۇشنىڭ بېشى،
پۆپۈكى بولسىمۇ ئەلنىڭ نە ئىشى.
پور دەرەخ بەرىبىر كەلمەيدۇ كارغا،
پارقىراپ تۇرسىمۇ ئىچى ۋە تېشى.

تامچىدىن ھاسىلدۇر دەريا ۋە ئېقىن،
كامالىي ئىنسانغا قۇياشمۇ يېقىن.
ئايلىنىپ كەتسىمۇ تۇپراققا جىسمى،
تۇيۇلار ئۇ يەنە كۆڭۈلگە يېقىن.

بەك مۈشكۈل سانالماق ھەقىقىي ئادەم،
ئۈپۈققا داغ باسقان بەزىدە ھاتەم.
ھەر ئىنسان يېزىلماي قالغان بىر رومان،
روھىيەت سېماسى چەكسىز بىر ئالەم.

سورىساڭ بىراۋدىن: «مەن ئوبدان» دەيدۇ،
بىراق باغدىن ئالمىنى سوراقسىز يەيدۇ.
چۆللەردە تالىشىپ تامچە سۈيۈگنى،
بوستاندا دەريانى بىھىمەن دەيدۇ.

مەرد ئىنسان مەردلىكتىن ئۆتىدۇ نامرات،
نامەردلەر مەردلەردىن ياسايدۇ قانات.
ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرسىمۇ ئۆزى،
بىر ئاددىي غېرىبتەك بولالماس پاك زات.

ھەسەتخور ئىچىدە ماگما يانىدۇ،
يامغۇرنى تۆكسەڭمۇ ئوتلار يانىدۇ.
قۇياشنى بەرسەڭمۇ ئۇنىڭغا پۈتۈن،
قۇياشتىن ھەسەت قىپ يىغلاپ سالىدۇ.

ئەزەلدە ئادەمنىڭ يوقتۇر دۈشمىنى،
دۈشمەننى تاپىدۇ ئۇنىڭ مۈشتۈمى.
دۈشمەننى دوست قىلغان قۇچىدۇ نۇسرەت،
ئادەمدەك ياشاشتۇر ئەجداد ئۇدۇمى.

يۈرسىمۇ ھەر كىشى ئىنسان سىياقتا،
بەزىدە ئەخلاقتىن شۇنچە يىراقتا.
باشقىلار دېڭىزدا مەشرەپ ئوينىسا،
ئۇ قالار يەنىلا قارشى قىرغاقتا.

مەن دەيمەن: «يامانني تىقسام گۆرىگە،
ئاچ كۆزنى ئاچ قويسام نوھىنىڭ چۆلىدە.
قولىغا سۇ بېرىپ خىزىر سۈپەتنىڭ،
ياخشىنى باشلىسام ئۆيىنىڭ تۆرىگە.»

ياشايلى ئۆم - ئىناق بولۇپ مېھرىبان،
مېھردىن دەرەختەك كۆكلەيدۇ ئىنسان.
روھىمىز شۇڭقاردەك ئۇچسۇن پەرلىنىپ،
ھەتتاكى چىۋىنگە سالمايلى زىيان.

ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتى، خاسىيتى ئۇز،
مېھردە كۆكلەيدۇ ھەتتاكى يالپۇز.
توغراقتەك تەقدىرداش بولسا ئىنسانلار،
يېتىملەر سەزمەيدۇ ئۆزىنى يالغۇز.

بولسا گەر ھەركىمدە مېھىر-مۇھەببەت،
ھەر كۈنى بىر تۈرمە ئازلايدۇ قەۋەت.
غېرىب ۋە غۇرۋالار ئەمەس گۇناھكار،
ئادالەت بابىدا ياشنار سەلتەنەت.

تۆھپىكار گوياكى ھەسەل ھەرىسى،
يوق ئۇنىڭ تاجىسى ياكى پەتىنىسى.
ھۆپۈپ ئۇ تاجىم بار دېگىنى بىلەن،
يەتمەيدۇ ھەرىگە، پەستۇر نەرخىسى.

ئىنساننىڭ نەپسىگە دۇنيا سىغمىدۇ،
نەپسنى ۋىجداننىڭ تىغى تىلىدۇ.
ئالتۇننى نان كەبى يېگەن خاقانمۇ،
ئاخىرى زاغرىچى تازدەك كېتىدۇ.

گال يامان بولغانلار كېتەر گېلىدىن،
باراقسان دەرەخمۇ سۇنار بېلىدىن.
ئۆزگىنىڭ ئېشىغا توپا چاچقانلار،
ئايرىلىپ قالدۇ هامان ئېنىدىن.

نە ئۈچۈن تۇغۇلدۇق، نېچۈن ياشايمىز؟
بەزىدە تەمەچىسىز ئۆتنى قالايمىز.
قالمىسا هاياتتىن ئىز ـ نىشان، تۆهپە،
بىز ئۇنى بەرىبىر «مۇردا» ئاتايمىز.

مەيلى شاه ۋە گاداي ئوخشاش نەرخىدە،
قىلچىمۇ شۈبهە يوق ئۇنىڭ پەرقىدە.
بەش بارماق تەڭ ئەمەس بولغىنى بىلەن،
باراۋەر ئەيلىنەر ئاخىر قەبرىدە.

پۇرسەتنى تۇتمساڭ ئامىتىڭ كېتەر،
كارۋانچى مەنزىلگە سۇسىز نە يېتەر.
بىلىمدار چىقىدۇ قۇياش يېنىغا،
بىلىمسىز ئۆزىنى ھاڭلاردا سېزەر.

بولسا گەر ئەينى چاغ زاماندا ئىمكان،
تۈزەتتىم مەن يەنە نەچچە ئون «دىۋان».
ئۆزىنىڭ تىلىنى بىلمەس كىشىنى،
دېگىلى بولمايدۇ تاكامۇل ئىنسان.

ئەۋلادىم ئۇلاشقان شانلىق دەۋرگە،
نە ئۈچۈن يەتمەيدۇ ۋەتەن قەدرىگە؟
بەزىلەر قاۋاقتا، كىتابخانا بوش،
شالغۇتلۇق پەيدىلەر چىققان ئەۋجىگە.

ئەجەب ئىش، كىتابنىڭ پەشتىقى داۋان،
ئەجەب ئىش، قاۋاقنىڭ پەشتىقى راۋان.
ئەجەب ئىش، كىتابقا بەزىدە پۇل يوق،
ئەجەب ئىش، قاۋاققا پۇل - پۈچەك سامان.

ئەي ئوغلۇم، بىز قاۋاق ئەۋلادى ئەمەس،
ھەلەققە دۈم چۈشسەڭ باسىدۇ مىڭ نەس.
مەيلىنىپ گوياكى شاھتەك يۈرسەڭمۇ،
مەستلىكتە نېنىڭنى يېمىكىڭمۇ تەس.

ئوقۇغىن كىتابنى، ئۇ گويا بايلىق،
كىتابنى ئوقۇشمۇ بەخت ۋە شادلىق.
تۆشەك قىپ ئۇخلىما كىلاسسىكىڭنى،
ئىختىرا ئەيلىگىن بولۇپ قاناتلىق.

ئەي ئوغلۇم، نەسىھەت تامام، ۋەسسالام،
ئەۋلادقا مېنىڭدىن تەزىم ۋە سالام.
قەبرىدە جىم ياتاي، روھىم خۇش بولسۇن،
سەن ئۇيغۇر، ئۇيغۇردەك ياشىغىن ھامان.



# ئۆزۈمگە سوراق

مەن مەھمۇد ئەۋلادى نېمىلەر قىلدىم؟
مەن كىم دەپ ئۆزۈمنى قانچىلىك بىلدىم؟
ئىلىمنىڭ يولىغا كىرمەي، مەست يۈرۈپ،
قېرىنداش باغرىنى ھەسرەتتە تىلدىم.

ياشلىق ئىنسانىنىڭ ئەڭ گۈزەل چېغى،
رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان گۈلبېغى.
مەنىسىز ئۆتكەن ھەربىر دەقىقتىن،
قالىدۇ پۇشايمان، ھەسرەتنىڭ دېغى.

ياشلىق ئۇ ئاتقان ئوق، كەلمەيدۇ قايتىپ،
ياشلىق ئۇ بىر دەريا، ئاقار يار تارتىپ.
ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئىنسان،
قۇياشنى كۆرەلمەس تاغلاردىن ھالقىپ.

ئۆزلۈكۈم، كىملىكىم زادى قەيەردە؟
ئىزدەيمەن ئۆزۈمنى تاغلار قەرىدە.
يىلتىزىم تۇتىشىپ ئەجدادلىرىمغا،
كۆلىمەن شادلىنىپ غۇرۇر بەھرىدە.

مەن ئۇلۇغ ئەجدادنىڭ نەسلىمەن شۇ تاپ،
تۇرار ئۇ روھىمنى گۈللەرگە ئوراپ.
دېگىلى بولمايدۇ مۇكەممەل ئەۋلاد،
ئۇ دائىم ئەجدادنى ئالمىسا دوراپ.

ئەجدادقا ئوخشىماس بەزى قىلىقىم،
ياتلاشقان روھىمدا ئۆلگەن بىلىقىم.
نام - شۆھرەت، پۇل، ئەمەل ماڭا ھۆكۈمران،
بىلىم دەپ ئوتلىنىپ چىقماس تىنىقىم.

يۇرىمەن ئۆزۈمنى شاھلاردەك سېزىپ،
يۇرىمەن چۆللەردە شەيتانغا ئېزىپ.
باشقىلار نە كويدا، مەن نېمە كويدا،
تېخىچە باقمىدىم ئاسماننى كېزىپ.

ئويۇندىن چىقمىدى ئالتۇن مۈڭگۈزۈم،
پۇلنى دەپ تۆت - بەشكە ئاشمىدى كۆزۈم.
چىلىنىپ شارابقا، قونمىدىم ئايغا،
باشقىلار پەر قاقسا، پىيادە ئۆزۈم.

شەيتاندەك يوقالدى گۈزەللىرىمۇ،
غىڭشىسام تۇگىدى غەزەللىرىمۇ.
تۇيۇلار بىر يېرىم خۇددى كەمدەكلا،
كەپتەرسىز ئىرغاڭلار پەغەزلىرىمۇ.

بوۋىمىز بىزلەردىن كۈتكەن زور ئارمان،
ئارمان يوق مېنىڭدە، بولسىمۇ دەرمان.
«دىۋان»نى، مۇقامنى تۆشەك قىپ ئۇخلاپ،
روھىم بەك قاغجىراق قۇملۇق - باياۋان.

ئۇيغۇر دەپ قوۋمىم بار شۇنچە ئۇيۇشقاق،
ئۇيغۇر ئۇ ئەمەستۇر ئەسلا ئۇرۇشقاق.
ئۆملۈكنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت ۋە پاكىز،
ئاھ، ئەمدى ئۆسەلمەس تىكەن - بۇدۇشقاق.

«ئوينايلى ئەي دوستلار، كۈلەيلى دوستلار»[42]،
مەن بۇنداق ناخشىنى ئېيتمايمەن دوستلار.
مەن ئەمدى ئېيتىمەن يېڭى روھ بىلەن،
«ھەممىمىز ئىلىمنى سۆيەيلى دوستلار.»

ئۆگەنگىن ئەي دوستلار، ئۆگەنگىن دوستلار،
مەرىپەت ـ ئىلىمنى ئۆگەنگىن دوستلار.
بۇ گۈزەل ياشلىقنى، ئويۇن ـ شوخلۇقنى،
چاقماقتەك تېزلىكتە سال يۈگەن دوستلار.

بىلىم دەپ بىدارمەن شېرىن ئۇيقۇدىن،
كۈچ ئالدىم، روھ ئالدىم مەھمۇد روھىدىن.
نادانلىق، ساددىلىق ئۇچتى تۇزغاقتەك،
ئەگىشىپ بوۋامغا تۇتتۇم قولىدىن.

ئىختىرا ئەتمەككە توققۇزۇمۇ تەل،
ئۆرلەيلى پەلەككە، قېنى دوستلار كەل.
شۇ چۈشكۈن كەچمىشلەر كەتسۇن كەلمەسكە،
بىزلەرگە ھەيرەتتە قالسۇن جىمى ئەل.

چاقنىسۇن مەھمۇدنىڭ روھى، تىلىكى،
ئاينىسۇن مەھمۇدنىڭ ئارزۇ چېچىكى.
ئۇلۇغ بىر گۈللىنىش چىقسۇن روياپقا،
گۈللەرگە پۈركەنسۇن ۋەتەن ئېتىكى.



## خاتىمە

مەھمۇد ئۇ بىز ئۈچۈن ئابىدە، ئۆلگە،
يېڭى روھ پۈركۈيدۇ پاكىز كۆڭۈلگە.
ئۇ مېنىڭ روھىمدا تارىم دەرياسى،
زىلالى ئاقىدۇ يۇلغۇنزار چۆلگە.

مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇشبۇ ئۇلۇغ زات،
مىڭ يىل كېيىنمۇ ياشىدى ھايات.
ئۇ گويا شۇڭقاردەك قەلب كۆكىدە،
چوققىدىن - چوققىغا يايدى كەڭ قانات.

مەھمۇدنىڭ ھاياتى قۇياش بىلەن تەڭ،
شاھانە شۇ «دىۋان» دۇنيا كەبى كەڭ.
ئۇ گويا شەرقنىڭ ئېسىل گۆھىرى،
سانىلار دۇنيادا ھەممىدىنمۇ ئەڭ.

تۇرمەن ئوپالدا ھەيكەلگە قاراپ،
مەھمۇدنىڭ ساپ روھى روھىمغا تاراپ.
بەزىدە ھاياجان، ئىلھام دېگەنمۇ،
مەست قىلار كىشىنى بولۇپ مەي ـ شاراب.

ئاجايىپ خىسلەتلىك ئۇلۇغ قەبرىگاھ،
ھەر ئىقلىم كىشىگە گويا سەيلىگاھ.
ھەزرىتى موللامدا كۆندە توي، نورۇز،
ھەيكەلدە تۆنەيدۇ پەرىشتىمۇ گاھ.

«ئاھ مەھمۇد بوۋام» دەپ توۋلىدىم بەك ئۈز،
تەۋرىدى كائىنات، تاغ ـ دالا، يالپۇز.
كۆك ئاسمان خىتاب قىپ دېدى: «ئول مەھمۇد
قەشقەردىن دۇنياغا چاقنىغان يۇلتۇز.»

كەل ئوغلۇم، ئوپالغا باراي يېتەكلەپ،
ئارزۇيۇڭ بۇ جايدا كۈلسۇن چېچەكلەپ.
ئول مەھمۇد بوۋامنىڭ قەبرىگاھىغا
گۈللەرنى قوياىلى ئېتەك - ئېتەكلەپ.

روھىمىز ئەيلىسۇن ئۇنى مىڭ تاۋاپ،
ئىزدەيلى مەھمۇدنى يۇلتۇزغا قاراپ.
ئاھ، ئۇنىڭ پاك روھى روھىمىز ئارا،
تىرىلسۇن ۋۇجۇدتىن - ۋۇجۇدقا تاراپ.

مۆھتەرەم كىتابخان ساڭا ئەسسالام،
ئول مەھمۇد بوۋامدىن سۇندۇم ساڭا جام.
سىڭسە گەر روھىڭغا ئۇنىڭ قەترىسى،
ئالەمچە خۇشاللىق قىلار مېنى رام.

ئۇيغۇرنىڭ يۇلتۇزى — مەھمۇد بوۋامغا،
پۈتۈلدى بىر داستان شەرەپ-شانىغا.
گەر كىملەر ئوقۇسا ئۇشبۇ كىتابنى،
مەھمۇدنىڭ روھىنى ئالغاي يادىغا.



# ئىزاھاتلار

① خاقانىيە ــ قاراخانىيلار سۇلالىسىنى كۆر-
سىتىدۇ.

② ھۇسەيىن ــ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى
ھۇسەيىن بىن مۇھەممەد چاغرى تېگىن، يەنى
مۇھەممەت بۇغراخان بىن يۇسۇفنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ
«شەمسۇددەۋلە ئارسلان ئىلىگ» دېگەن نام بىلەن
تونۇلغان. بارىسغان شەھىرىگە ئۇزاق مۇددەت ئەمىر
بولغان. 1057 - يىلى ئاتىسى مۇھەممەد بۇغراخان
بىن يۇسۇف ئوغلى ھۇسەيىننى بارىسغاندىن چاقىرىپ
كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىنى
ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغان. بىراق، مۇھەممەد
بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى خانىشى بۇ ئىشقا چىدىماي،
ھۇسەيىنگە تەخت ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىدىغان مۇرا-
سىمدا قانلىق سۇيىقەست پىلانلاپ، مۇھەممەد
بۇغراخان، ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ جەددى - جەمەتى

ھەمدە ئەگەشكۈچىلىرىنى قىرغىن قىلىپ، ئۆزىنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقارغان. نەتىجىدە ھۈسەيىنىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىلىك ئورنىدىن مەھرۇم قالغان. بىراق، ئۇ شۇ قېتىمقى قانلىق قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، تۈركىي قوۋملار ياشىغان جايلارنى كېزىشكە باشلىغان.

③ رابىيە تارىم — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيە ئالتۇن تارىمى. «دىۋان»دا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى خوجا سەيفىددىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۈۋى رابىيەنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەم بۇ خىل قاراش ئومۇملاشقان. «دىۋان» دا كۆرسىتىلىشىچە، قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە خان جەمەتى ئىچىدىكى ئاياللار «ئالتۇن تارىم» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۇلۇغلانغان. شۇڭا، ئالىملار بۈۋى رابىيە

دېگەن ئىسمىنىڭ كەينىگە ئالتۇن تارىمنى قوشۇپ، ئۇنى بۇۋى رابىيە ئالتۇن تارىمى دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇۋى رابىيە بەسرەم دېگەن ئايالنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار.

④ ئۆكە تەگىت ــ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە خان جەمەتىنىڭ كىچىك ئوغۇللىرى (نەۋرە-چەۋرىلىرى) «ئۆكە تەگىت» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان.

⑤ «ئىسمەتۇل قىريە» ــ «يۇرتۇمنىڭ ئىسمى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قەشقەر ئەتراپىدىكى «ئازىق»، «كاسى»، «ئوپال» قاتارلىق جايلارنى يۇرتۇم دەپ تىلغا ئالغان.

⑥ «مىڭكۇ باتۇر» ــ تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن لوپنۇر رايونىدا كەڭ تارقالغان خەلق چۆچىكى.

⑦ سۇتۇق ــ بازىر ئارسلانخاننىڭ ئوغلى سۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قاراخانىيلارغا پاناھلانغان سامانىي شاھزادىسى بىلەن تونۇشۇپ، 932 ـ يىلى

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسمىنى سۇلتان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغرا قاراخانغا ئۆزگەرتـ-ـكەن ھەم تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ ھۆكۈمـ-ـرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قاراخانىيلار سۇلالـ-ـسىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان خاقانى بولغان. ئۇ 956 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

⑧ سۇباش ــ قوماندان.

⑨ مۇھەممەد ــ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان بىن يۈسۈفنى كۆرسىتىدۇ. سۇلتان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغرا قاراخان ئالەمدىن ئۆتكەنـ-ـدىن كېيىن، چوڭ ئوغلى مۇسا توڭا ئىلىگ قىسقا مۇددەت تەختتە چىققان. كېيىن كىچىك ئوغلى بايتاش ئارسلانخان سۇلايمان تەختكە چىققان. ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇل ــ ھەسەن ھارۇن قىلىچ بۇغراخان بىن سۇلايمان 992 ـ يىلى سامانىيلارنىڭ مەركىزى بۇخا-رانى فەتھى قىلغان ھەم تەختتە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈف قادىرخان بىن ھەسەن ھارۇن خوتەننى

فەتھى قىلىپ مۇسۇلمانلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخان بىن يۇسۇف تاراز ۋە ئىسپىجاپنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان. كېيىن ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىدە 15 ئاي ھۆكۈم سۈرگەن. ئوغلى ھۇسەيىنگە تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان چاغدا ئىككىنچى خوتۇنى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

⑩ تېگىن ــ شاھزادە.

⑪ تەپۈك ــ «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە تەپۈك دېگەن بۇ سۆز «تەپكۈچ» دەپ ئىزاھلانغان، ئەمما «دىۋان»نىڭ تۈركچە، ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللاردىكى تەرجىمىلىرىدە «پۇتبول» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

⑫ ئەينا ــ مانا، ئەنە.

⑬ ئەدەسىز ــ كۆپ، جىق.

⑭ چولپانئاي ــ يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچى پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق تارىخىي رومانىدا تەسۋىرلەنگەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئايالى.

⑮ «تۇرا» — تۇر، مۇنار.

⑯ شەيخ — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇستازى شەيخ ئىمام ئەز — زاھىد ھۈسەيىن بىن ھالەف ئەل كاشغەرىي.

⑰ كۆل بىلگە خاقان — بىلگە كۆل قادىرخان. ئۇ 840 - يىللاردىن كېيىن ئىلى، يەتتىسۇ، بالا - ساغۇن، كاشغەر قاتارلىق رايونلارغا ھۆكۈمران بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى بازىر ئارسلانخان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان تەختكە چىققان. ئالىملار بىلگە كۆل قادىرخاننى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ بوۋىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە.

⑱ بازىرخان — بازىر ئارسلانخان. ئۇ بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى، يەنى سۇلتان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ ئاتىسى.

⑲ ئۇسمى تارىم — «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان يەر نامى. بۇ نام ھازىرقى شىمالىي تارىم ئەتراپىدىكى

بىر جايىنى يەنى ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ جەنۇبىدىكى بىر جايىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

⑳ سۇلمى ــ ھازىرقى قاراشەھەر.

㉑ ئىسكەندەر ــ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن.

㉒ كۇلتۇر ــ مەدەنىيەت.

㉓ مىڭلاق ــ «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر شەھەر.

㉔ بارسغان ــ ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇ-رىيىتىدىكى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان مۇھىم بىر تارىخىي شەھەر. بارسغان شەھىرىنىڭ نامى بەزى تارىخىي مەنبەلەردە يەنە «بارسخان» ياكى «بارساخان» دەپ خاتىرى-لەنگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا ئاتىسى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەد چاغرى تېگىنىنىڭ بارىس-غانلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بارسغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە مۇھىم مەركەز بولغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھلىشىچە، «بارسغان» دېگەن بۇ نام ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىدىن

كەلگەن. ئۇ يەنە «دىۋان»دا بىر ئۇيغۇر خاقانىنىڭ «بارىسغان» ئىسىملىك يىلقىچىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھاۋاسى ياخشى بۇ جايدا خانىنىڭ يىلقىلىرىنى باقىدىغانلىقىنى، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەرنىڭ گۈللىنىپ، يىلقىچىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

㉕ ئېدىل دەرياسى — ھازىرقى ۋولگا دەرياسى.

㉖ سەۋگىم — ئوغۇزچە «سۆيگۈم» دېگەن مەنىدە.

㉗ «كىتابۇ جەۋاھىرىن......» — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن تۇنجى كىتابى «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار گىراماتىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

㉘ مىيانە — ئوسال، ناچار، پاسىق.

㉙ ئىلىك خان — خاقانىيە دەۋرىدە مەركىزىي شەھەر قەشقەردىن باشقا جايلارغا قويۇلغان ئاساسلىق ھۆكۈمدار «ئىلىك خان» دەپ ئاتالغان.

㉚ خەلىپە ــ ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدىي بىئەمـ-
-رۇللا. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى مۇشۇ خەلىـ-
-پىگە سوۋغا قىلغان دەپ قارالماقتا.

㉛ سالجۇقىي سۇلتانى ــ بۈيۈك سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى مەلىكشاھنى كۆرسىتىدۇ.

㉜ تۈركەن خاتۇن ــ سۇلتان مەلىكشاھنىڭ خانىشى.

㉝ «ھەزرىتى موللام» ــ مەھمۇد كاشغەرىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ياتقان مازار كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «ھەزرىتى موللام»، «ھەزرىتى مەۋلام»، «ھەزرىتى موللام شەمسىدىن» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

㉞ زىيائىي ــ نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىي. 1842 - يىلى لۈكچۈندە يېزىلغان «مىرزوھۇرىدىن مەلامەت تەرىقىدە ئۆز نەفسىگە تەنبىھ ئېيتقانى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

㉟ شەۋقى ــ شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقى.

㊱ موللا سادىق شاھ — داڭلىق ئالىم ۋە ئۆلىما موللا سادىق شاھ ئەلەم. ئۇ 1836 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتابنى ھەزرىتى مەۋلانا مازىرىغا ۋەخپە قىلغاندا، ھەزرىتى مەۋلانىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان.

㊲ ئاكا - ئۇكا — مۇھەممەد پەيزى بىلەن ئەھمەد زىيائىي. ئۇلار 1955 - يىلى «دىۋان»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، بىراق بۇ نۇسخا يوقىلىپ كەتكەن.

㊳ ئۇيغۇر سايرانى — ئاتاقلىق تەتقىقاتچى. ئۇ 1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى مۇھەممەد سالىھ ھاجىم بىلەن بىللە ئىشلىگەن، بىراق بۇ تەرجىمە يورۇقلۇققا چىقمىغان.

㊴ قازى ئاخۇن — قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق ئۆلىماسى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم. ئۇ 1982 - يىلى ئۆزى ساقلاپ كەلگەن موللا سادىق شاھ ئەلەمنىڭ ۋەخپىنامىسىنى ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان

ئوسمانوف، ئەيسا شاكىر، مۇھەممەدزۇنۇن سىدىق، مامۇتوپ قۇربان، ئابلا ئەھمىدى قاتارلىقلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادا مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ ئوپالدا ئىكەنلىكى مۇقىملاشقان.

㊵ ئالىم — بۇ يەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، داموللا ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ مىسرى، خەلىم سالىخ، ھاجى نۇرھاجى، ئوسمان مەتنىياز، سابىت روزى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېشىت قارىم سابىت، مۇھەممەد سالىھ ھاجىم، شۇنداقلا 2000 - يىلىدىكى خەنزۇچە نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان خې رۇي، دىڭ يى، شياۋ جۇڭيى، لىيۇ جىڭجيا، مىرسۇلتان ئوسمانوف، چېن خۇا، نيۇ شياۋلى، خاۋ گۇەنجوڭ، چى چىڭشۈن، تاھىرجان مۇھەممەد قاتارلىق ئالىم ۋە ئۇستازلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

㊶ «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» — بۇ

مەرھۇم شائىر نۇرمۇھەممەت ئېركىننىڭ شۇ ناملىق شېئىرىنىڭ مىسراسى.

㊷ «ئوينايلى ئەي دوستلار، كۆلەيلى دوستلار» — بەزى ياشلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان كوچا ناخشىسى، يەنى ئۇلارنىڭ ئويۇن - تاماشا مارشى.



**图书在版编目（CIP）数据**

麻赫默德·喀什噶里：维吾尔文 / 买提赛迪·买提卡斯木著. — 喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.2

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2592 — 9

Ⅰ.①麻… Ⅱ.①买… Ⅲ.①叙事诗— 中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I227.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2012）第 017819 号

责任编辑：**买提斯力木·买提卡司木**
责任校对：**拜合提亚尔·阿布力米提**

**麻赫默德·喀什噶里**

（长诗）

作者：买提赛迪·买提卡斯木

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 毫米 1/32 开本 5.25 印张
2012 年 3 月第 1 版 2012 年 3 月第 1 次印刷
印数：1 — 4000 定价：25.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

خېتىنى يازغۇچى: **قۇربانجان روزى شەيدائى**



ISBN 978-7-5373-2592-9

(民文) 定价：25.00元